# دُرُوْسُ اللُّغَة الْعَرَبِّيَة لغيرالناطقين بها

(مع القواعد النحوية وترجمة النصوص)

الدكتور ف.عبدالرحيم

الجزء الثاني

الناشر: الجامعة الإسلامية بالمدينة المنورة

بسم الله الرحمن الرحيم

أَيُّهَا الطُّلاَّبُ!

لِمَاذَا نَدْرُسُ اللُّغَةَ الْعَرَبِيَّةَ؟

نَدْرُسُ اللُّغَةَ الْعَرَبِيَّةَ لِنَفْهَمَ الْقُرْآنَ الْكَرِيْمَ وَالْحَدِيْثَ النَّبَوِيَّ الشَّرِيْفَ.

الدّال على الخير كفاعله

# الفهرس

مقدمة ........................................................................ 4
(1)الدرس الأول ........................................................................ 5
(2)الدرسُ الثّاني ........................................................................ 13
(3)الدرسُ الثَّالِثُ........................................................................ 19
(4)الدرس الرابع ........................................................................ 26
(5)الدَرْسُ الخَامِسُ ........................................................................ 30
(6) الدَرْسُ السادِسُ ........................................................................ 37
(7)الدَرْسُ السَابِعُ........................................................................ 47
(8)الدَرْسُ الثامِنُ ........................................................................ 55
(9)الدَرْسُ التَاسِعُ........................................................................ 60
(10)الدَرْسُ العَاشِرُ ........................................................................ 72
(11)الدَرْسُ الحَادي عَشَرَ........................................................................ 77
(12)الدَرْسُ الثَانِيَ عَشَرَ ........................................................................ 86
(13)الدَرْسُ الثَّالِثَ عَشَرَ ........................................................................ 92
(14)الدَرْسُ الرَّابِعَ عَشَرَ ........................................................................ 96
(15)الدَرْسُ الخَامِسَ عَشَرَ........................................................................ 102
(16)الدَرْسُ السَّادِسَ عَشَرَ ........................................................................ 107
(17)الدَرْسُ السابِعَ عَشَرَ........................................................................ 116
(18)الدَرْسُ الثَّامِنَ عَشَرَ........................................................................ 123
(19)الدَرْسُ التَاسِعَ عَشَرَ ........................................................................ 129
(20)الدَرْسُ العِشْرُونَ........................................................................ 133
(21)الدَرْسُ الحادِي والعِشْرُونَ ........................................................................ 138
(22)الدَرْسُ الثَّاني والعِشْرُونَ........................................................................ 146
(23)الدرس الثالث والعشرون ........................................................................ 148
(24)الدرس الرابع والعشرون ........................................................................ 154
(25)الدَرْسُ الخَامِسُ والعِشْرُونَ........................................................................ 161
(26)الدَرْسُ السَادِسُ والعِشْرُونَ ........................................................................ 166
(27)الدَرْسُ السَابِعُ والعِشْرُونَ ........................................................................ 174
(28)الدَرْسُ الثَامِنُ والعِشْرُونَ ........................................................................ 184

**(29)الدَرْسُ التَاسِع وَالعِشْرُونَ ............................................................................................ 192**
**(30)الدَرْسُ الثلاثون ........................................................................................................ 202**
**(31)الدرسُ الحادِي والثلاثون ............................................................................................. 207**

# مقدمة

بسم الله الرحمن الرحيم

الحمد للّه رب العالمين، والصلاة والسلام على أشرف الأنبياء والمرسلين،نبينا محمد وعلى آله وصحبه أجمعين، ومن تبعهم بإحسان إلى يوم الدين.

أما بعد: فهذا هو الجزء الثاني من كتاب "دروس اللغة العربية لغير الناطقين بها "، وهو كتاب لتعليم اللغة العربية، ويعنى بجميع جوانب اللغة كالنحو،والصرف، والمفردات،والأسلوب، فتراعى هذه العناصر كلها عند الشرح. ونرى أن يتبع المدرس الخطوات الآتية عند التدريس:

1ـ يمهّد للمسائل الرئيسة الواردة في الدرس من غير النظر في الكتاب.

2ـ يقرأ الدرس، وفي أثناء القراءة يشيرإلى المسائل التي سبق أن شرحها،ويشرح المسائل الأخرى التي لم يتطرق إليها في التمهيد، ويوجه إلى الطلاب أسئلة للتأكد من فهمهم هذه المسائل .

3ـ يقوم مجموعات من الطلاب بتمثيل الدرس.

4ـ يشترك الطلاب في حل جميع التمارين شفوياً، ويحلونها تحريرياً خارج الفصل .واللّه نسأل أن يوفقنا جميعاً لخدمة دينه، ولغة كتابه.

مدينة الرسول صلى الله عليه وسلم

25من جمادى الآخرة1414 هـ

ـف. عبد الرحيم

بسم الله الرحمن الرحيم

(1)الدرس الأول

**هاشم: السلام عليكم ورحمة الله وبركاته .**

**هاشم**:سلەرگە اللەنىڭ سالامى، رەھمىتى ۋە بەرىكەتلىرى بولسۇن

**المدرس : وعليكم السلام ورحمة الله وبركاته.**

المدرس: سلەرگىمۇ اللەنىڭ سالامى، رەھمىتى ۋە بەرىكەتلىرى بولسۇن...

**هاشم : كيف حالك يا أستاذ ؟ لعلك بخير .**

هاشم : ئى ئۇستاز ئەھۋالىڭىز قانداق ؟ ئېھتىمال سىز ياخشى تۇرغانسىز.

**المدرس : الحمد لله . وكيف حالك أنت يا هاشم ؟ أنا أحبك كثيرا يا هاشم .** ئوقۇتقۇچى : ئاللاھقا شۇكرى . ئى

هاشىم! سىنىڭ ئەھۋالىڭ قانداق؟ ئى هاشم! مەن سىزنى بەك ياخشى كۆرىمەن .

**إنك طالب ذكي ومجتهد وذو خلق.... أمن باكستان أنت أم من الهند يا هاشم ؟**

ھەقىقەتەن سەن زىرەك، تىرىشچان ۋە ئەخلاقلىق ئوقۇغۇچى....

ئى هاشم! سەن پاكىستاندىنمۇ ياكى ھىندىستاندىنمۇ؟

**هاشم : إني من الهند .**

هاشم : ھەقىقەتەن مەن ھىندىستاندىن .

**المدرس : وزميلك الذي خرج معك الآن من الفصل , أهو أيضا من الهند ؟**

ئوقۇتقۇچى : هازىر سەن بىلەن سىنىپتىن بىرگە چىققان ساۋاقدىشىڭ ، ئۇمۇ ھىندىستاندىنمۇ؟

**هاشم : لا, إنه من باكستان .**

هاشم : ياق ، ھەقىقەتەن ئۇ پاكىستاندىن .

**المدرس : إن ساعتك جميلة يا هاشم . أمن اليابان هي ؟**

ئوقۇتقۇچى : ئى ھاشىم! سائىتىڭ ھەقىقەتەن چىرايلىقكەن . ئۇ ياپونىيىنىڭمۇ ؟

**هاشم : لا, إنها من الهند .**

ھاشىم: ياق ، ھەقىقەتەن ئۇ ھىندىستاننىڭ .

**المدرس : أغالية هي أم رخيصة ؟**

ئوقۇتقۇچى : ئۇ قىممەتمۇ ياكى ئەرزانمۇ ؟

**هاشم : إنها رخيصة جدا. إنها بمائة روبية فقط .**

ھاشىم : ھەقىقەتەن ئۇ بەك ئەرزان . پەقەت يۈز روپىيە .

**المدرس : كم أخا لك يا هاشم ؟**

ئوقۇتقۇچى: ئى ھاشىم! سىنىڭ قانچە قېرىنداشىڭىز بار ؟

**هاشم : لي ثلاثة إخوة .**

ھاشىم : مېنىڭ ئۈچ قېرىنداشىم بار .

**المدرس : أطلاب هم ؟**

ئوقۇتقۇچى : ئۇلار ئوقۇغۇچىمۇ؟

**هاشم : لا , إنهم تجار .**

ھاشىم : ياق ، ھەقىقەتەن ئۇلار تىجارەتچى .

**المدرس : وكم أختا لك ؟**

ئوقۇتقۇچى: سىنىڭ قانچە ھەمشىرەڭ بار ؟

**هاشم : لي أربع أخوات .**

ھاشىم : مېنىڭ تۆت ھەمشىرەم بار .

**المدرس : أفي الهند هن الآن ؟**

ئوقۇتقۇچى : ئۇلار ھازىر ھىندىستاندىمۇ؟

**هاشم : لا, إنهن هنا بالمدينة المنورة مع أبي وأمي .**

هاشم : ياق، ئۇلار مۇشۇ يەردە، مەدىنە مۇنەۋۋەردە دادام ۋە ئانام بىلەن بىللە .

**المدرس : أطالبات هن ؟**

ئوقۇتقۇچى: ئۇلار ئوقۇغۇچىمۇ ؟

**هاشم : لا , إنهن مدرسات بالمدرسة الثانوية .**

هاشم : ياق ، ئۇلار تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى .

## بۇ دەرستىكى گىراممانىكىلىق قائىدىلەر:

### 1- مەزمۇن: «إِنَّ» ۋە «لَعَلَّ» توغرىسىدا

بۇ ئىككىسى ھەرپ بولۇپ، «إِنَّ» ـــ «جەزمەن»، «چوقۇم»، «شۈبھىسىز»، «ھەقىقەتەن» دېگەن مەنىدە؛ «لَعَلَّ» ـــ «ئېھتىمال»، «مۇمكىن»، «بەلكىم» دېگەن مەنىدە.

ئاتىلىشى: پېئىلغا ئوخشايدىغان قوشۇمچە (حرف مشبه بالفعل).

ۋەزىپىسى: ئىسىملىق جۈملىگە كىرىپ ئىگىنى «ئىسمىم» دەپ تۈرۈپ ئاخىرىنى زەبەر ئوقۇتىدۇ، خەۋەرنى «خەۋىرىم» دەپ تۈرۈپ ئاخىرىنى پىش ئوقۇتىدۇ ھەمدە جۈملە مەزمۇنىنى كۈچلەندۈرۈش رولىنى ئۆتەيدۇ. مەسىلەن:

إِنَّ سَاعَتَكَ جَمِيْلَةٌ (سائىتىڭ ھەقىقەتەن چىرايلىقكەن)

لَعَلَّكَ بِخَيْرٍ (ئېھتىمال سىز ياخشى تۇرغانسىز.)

دېگەنگە ئوخشاش.

### 2- مەزمۇن: تاللىما سوراق جۈملە توغرىسىدا

تاللىما سوراق جۈملە ـــ جۈملىنىڭ بېشىغا سوراق قوشۇمچىسى ھەمزە «أ» ئۇلانغاندىن باشقا، ئىككى خەۋەر ئوتتۇرىسىغا باغلاش قوشۇمچىسى «أَمْ» كەلگەن جۈملىدىن ئىبارەت. مەسىلەن:

أَمِنْ بَاكِسْتَانَ أَنْتَ أَمْ مِنَ الْهِنْدِ يَا هَاشِمُ

(ئى ھاشىم! سەن پاكىستاندىنمۇ ياكى ھىندىستاندىنمۇ؟)

أَقِطَارًا رَكِبْتَ أَمْ سَيَّارَةً؟ (پويىزغا ئولتۇرامسەن ياكى ماشىنىغىمۇ؟)

دېگەنگە ئوخشاش.

### 3- مەزمۇن: ئالماش بىلەن باشلانغان جۈملە توغرىسىدا

ئالماشلار بىلەن باشلانغان ئىگە-خەۋەرلىك جۈملىنىڭ بېشىغا «إِنَّ» ياكى شۇ تۈردىكى قوشۇمچىلار كىرگۈزۈلسە، مۇستەقىل كىشىلىك ئالماشلار ئۇلانما كىشىلىك ئالماشلارغا ئالماشتۇرىلىدۇ. چۈنكى، مۇستەقىل كىشىلىك ئالماش بىرەر سۆزگە ئۇلانمايدۇ. مەسىلەن:

هُوَ تَاجِرٌ ← إِنَّهُ تَاجِرٌ     أَنْتَ بِخَيْرٍ ← لَعَلَّكَ بِخَيْرٍ

دېگەنگە ئوخشاش.

«إِنَّ» ۋە شۇ تۈردىكى قوشۇمچىلارغا I شەخس ئۇلانما كىشىلىك ئالمىشى بولغان «ي» ئۇلانغاندا، بۇلارنىڭ ئارىسىغا بىر ھەرىكەت ساقلاش «ن»ى قوشۇلىدۇ، قوشۇلماي كەلسىمۇ توغرا بولىدۇ. مەسىلەن:

إِنِّيْ مِنَ الْهِنْدِ — إِنَّنِيْ مِنَ الْهِنْدِ     لَعَلَّنِيْ بِخَيْرٍ — لَعَلِّيْ بِخَيْرٍ

دېگەنگە ئوخشاش.

«إِنَّ»گە I شەخس ئۇلانما كىشىلىك ئالمىشى بولغان «نَا» ئۇلانسا، ئۇنىڭدىن بىر «ن»نىڭ تاشلىنىشى توغرا، تاشلانماسلىقىمۇ توغرا. مەسىلەن:

إِنَّنَا مُسْلِمُوْنَ — إِنَّا مُسْلِمُوْنَ

### 4- مەزمۇن: «ذُوْ» توغرىسىدا

«ذُوْ» ھەردائىم ئۆزىدىن كېيىنكى ئىسىم بىلەن ئىزاپەتلىك سۆز بىرىكمىسى ھاسىل قىلىپ كۆپىنچە ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئىسىمنى سۈپەتلەپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

أَحْمَدُ طَالِبٌ ذُوْ عِلْمٍ وَخُلُقٍ (ئەھمەد ئىلىملىك ۋە ئەخلاقلىق ئوقۇغۇچى)

دېگەنگە ئوخشاش.

بەزىدە جۈملىدىكى ئورنىغا ئاساسەن ئىگە، خەۋەر ۋە تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

مُدِيْرُنَا ذُوْ لِحْيَةٍ طَوِيْلَةٍ (بىزنىڭ مۇدىر ئۇزۇن ساقاللىق كىشى)
خەۋەر

### 5- مەزمۇن: 100 ۋە 1000 دېگەن سان توغرىسىدا

100 بىلەن 1000 دېگەن سان ئۆزىدىن كېيىن كەلگەن سانالغۇچىسى بىلەن ئىزاپەتلىك سۆز بىرىكمىسى ھاسىل قىلىدۇ ۋە سانالغۇچىسى مەيلى ئەرلىك جىنستىكى ئىسىملاردىن بولسۇن، مەيلى ئاياللىق جىنستىكى ئىسىملاردىن بولسۇن بىر خىل شەكىلدە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

مِائَةُ رَجُلٍ (100 ئەر)     مِائَةُ امْرَأَةٍ (100 ئايال)

أَلْفُ رَجُلٍ (1000 ئەر) أَلْفُ امْرَأَةٍ (1000 ئايال)

دېگەنگە ئوخشاش.

تمارين

1ـأجب عن الأسئلة الآتية:(تۆۋەندىكى سۇئالالارغا جاۋاب بىرىڭ)

(1) من أين هاشم؟ (2) أيحبّه المدرس؟

(3) من أين ساعته؟ (4) بكم هي؟

(5) كم أخا له؟ (6) كم أختا له؟

(7) أين أخواته؟

2ـضع هذه العلامة (✔) أمام الجمل الصحيحة، وهذه العلامة ( ✖ ) أمام الجمل التي ليست صحيحة (توغرا بولغان جۈملىنىڭ ئالدىدا

بۇ(✔) بەلگىنى، توغرا بولمىغان جۈملىنىڭ ئالدىدا بۇ( ✖ )بەلگىنى قويۇڭ)

(1) أـ هاشم طالب كسلان. بـ هاشم طالب مجتهد.

(2) أـ ساعته رخيصة. بـ ساعته غالية.

(3) أـ ساعته بألف روبية. بـ ساعته بمائة روبية.

(4) أـ أخواته بالمدينة المنورة. بـ أخواته بالهند.

3ـتأمل ما يلى(تۆۋەندىكىلەرنى مۇلاھىزە قىلىڭ)

إنَّ + هُو = إنَّهُ إنَّ + هُمْ = إنَّهُمْ

إنَّ + هِيَ = إنَّهَا إنَّ + هُنَّ = إنَّهُنَّ

إنَّ + أنْتَ = إنَّكَ إنَّ + انْتُمْ = إنَّكُمْ

إنَّ + أنْتِ = إنَّكِ إنَّ + أنتن = إنَّكُنَّ

إنَّ + أنَا = إنَّنِيْ /إنِّيْ إنَّ + نَحْنُ = إنَّنَا /إنَّا

4ـ أدْخِلْ (إنَّ) على الجمل الآتية (تۆۋەندىكى جۈمللەرگە (إنَّ) نى كىرگۈزىڭ)

(1) هوتاجر (2) .................أنا طالب..................

(3) هم من اليابان (4) ...........أنتم أذْكِيَاءُ...............

(5) هي مُتَزَوِّجَةٌ (6) .......... نحن مسلمون.............

(7) أنتن مجتهدات (8) ...........هن مسلمات.............

(9) أنت رجل غنِيّ (10) ...........أنت ذكّية.........

5 ـإقرأ الأمثلة الآتية (تۆۋەندىكى جۈمللەرنى ئوقۇڭ)

(1) المدرّسُ جديدٌ. إنَّ المدرّسَ جديدٌ.

(2) فاطمةُ طبيبةٌ. إنَّ فاطمةَ طبيبةٌ.

(3) حامدٌ مُتَزَوِّجٌ. إنَّ حامدًا مُتَزَوِّجٌ.

6ـ أَدْخِلْ (إنَّ) على الجمل الآتية واضبط أواخر الكلمات(تۆۋەندىكى جۈملىلەرگە (إنَّ)نى كىرگۈزۈڭ ھەمدە سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا تاۋۇش بەلگىسىنى قويۇڭ)

(1) الدرس صَعْبٌ ............. (2)السيارة جميلة..............

(3) القرآن كتاب اللّه ......... (4)محمد ( صلى الله عليه وسلم ) رسول الله.......................................................................

(5) آمنة طالبة ............... (6)اللغة العربية سهلة............

(7) هذه الساعة غالية .........(8) بلال غَنِيّ.......................

(9) المدير في الفصل ........... (10)الماء بارد......................

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| السيارةُ | جميلةٌ | إنَّ | السيارةَ | جميلةٌ |
| المبتدأ | الخبر | | اسم إنَّ | خبر إنَّ |

7ـ تأمل المثالين، ثم كون جملا مثلهما من الكلمات الآتية:(تۆۋەندىكى ئىككى مىسالنى مۇلاھىزە قىلىڭ ئاندىن تۆۋەندىكى سۆزلەردىن ئىككى مىسالدىكىگە ئوخشاش جۈملىلەرنى شەكىللەندۈرۈڭ)

المثال الأول: أمِنَ الهندِ أنتَ أمْ من باكستانَ؟

المثال الثاني: أطبيبٌ أنتَ أمْ مهندسٌ ؟

(1) أنْت/ مجتهد/ كسلان..............................................

(2) هي/ الصين/ اليابان.............................................

(3) أنت/ طبيبة/ ممرضة.................................................

(4) هم/ نَصارَى/ يَهُودٌ...................................................

(5) هذا/ مسجد/ مدرسة.................................................

(6) هذه/ سيارة المدير/ سيارة المدرس...............................

(7) أنت/ متزَوج/ عَزَبٌ...................................................

(8) هن/ خالاتك/ عماتك.............................................

(9) هو/ باكستان/ إيران.................................................

(10) بيتُك/ قريب/ بعيد................................................

8ـ تأمّل الأمثلة الآتية لـ (ذو): («ذو»نىڭ تۆۋەندىكى مىساللىرىنى مۇلاھىزە قىلىڭ)

(1) مديرُنا ذُوْ قَامَةٍ طويلةٍ.

(2) هذا الدفتر ذو وَرَقٍ مُسَطَّرٍ.

(3) أحمدُ طالبٌ ذو عِلْمٍ وخُلُقٍ.

(4) هذا القميصُ ذوكُمٍّ قصيرٍ ، وذاك ذوكمٍّ طويلٍ.

(5) المسجدُ الذي في حيِّنا ذو مَنارةٍ واحدةٍ

9ـ اقرأ الأمثلة، ثم حوّل الجملة الآتيةِ مثلها(مسالالارنى ئوقۇڭ ئاندىن تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئۇنىڭغا ئوخشاش قىلىپ ئۆزگەرتىڭ)

(أ) هذا الطالب ذو خلقٍ. (ب) هؤلاءِ الطلاب ذَوُوْ خلقٍ.

(ج) هذه الطالبة ذَاتُ خلقٍ. (د) هؤلاءِ الطالباتُ ذَوَاتُ خلقٍ.

(1) هذا الرجل ذو مالٍ كثيرٍ. (2)...............................

(3)........................... (4)...............................

10ـ أَدْخِلْ (لَعَلَّ) على الجمل الآتية عِلْماً بأن (لعلّ) من أَخَوات (إنّ)

(تۆۋەندىكى جۈملىلەرگە (لعلّ)نى كىرگۈزۈڭ،شۇنى بىلىۋېلىڭكى (لعلّ) مۇ (إنّ) نىڭ تۇردىكى قوشۇمچىلاردىندۇر)

(1) هو خير.............. (2)هم بخير..............

(3) هي بخير............... (4)هنّ بخير...............

(5) أنتَ بخير........... (6)أنتم بخير.........

(7) أنه بخير............... (8)أنتنّ بخير............

(9) أنا ناجح.............. (10)نحن ناجحون........

(11) المدير في غرفته...... (12)الاخْتِبار سهل..........

11ـ اقرأ المثالين، ثم أكمل الجمل الآتية بوضع (غالٍ) أو (غاليةٌ ) في الأماكن الخالية :( ئىككى مىسالنى ئوقۇڭ، ئاندىن بوش ئورۇنلاردا (غالٍ) ياكى (غاليةٌ ) قويۇش بىلەن تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى تولۇقلاڭ)

(أ) هذا القلم غَالٍ (أصله :غَالِيٌ ).

(ب) هذه الساعة غالِيَةٌ.

(1) الكتب العربية..................في بلدنا.

(2) هذا الكتاب رخيص وذاك................

(3) هذا المُعْجَمُ بمائَة ريال .هو...............

(4) هذه الحقيبة...............................

12ـ اقرأ المثالين، ثم اقرأ الجمل الآتية. بعد ذلك اكتبها مع كتابة الأعداد الواردة فيها بالحروف( تۆۋەندىكى ئىككى مىسالنى ئوقۇڭ ئاندىن تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ جۈملىلەردە كەلگەن سانلارنى ھەرپ بىلەن يېزىڭ)

1000= مِائَةُ رجلٍ / مِائَةُ امْرَأَةٍ.

1000= أَلْفُ رجلٍ/ أَلْفُ امْرَأَةٍ.

(1) هذا التِلْفَازُ بـ 1000 ريال.

(2) عندي 1000 دُوْلار.

(3) في هذا الكتاب 100 صَفْحَة.

(4) بكم هذه الحقيبة؟ هي بـ 100 ريال.

(5) في هذه الكُلِّية 100 طالب من باكستان و 100 طالب من إنْدُونيسيا.

13ـ كوّن جملا مستعملا الكلمات الآتية: (تۆۋەندىكى سۆزلەرنى قوللىنىپ جۈملىلەرنى شەكىللەندۈرۈڭ)

ذكيّ ـ مائة ـ متزوج ـ عَزَب ـ خُلُق ـ دولار ـ غالٍ.

**الكلمات الجديدة:**

**ذَكِيٌّ (ج أذكِيَاءُ)ـزىرەك، هۇشيار   َ غبِيٌّ (ج أغْبِيَاءُ)ـدۆت، كالۋا**

**خلُقٌ (ج أخْلاقٌ )ـئەخلاق    مِائَةٌـيۈز    ألْفٌـ مىڭ  رُوْبِيَّةٌ (ج رُوْبِيّاتٌ)ـروپىيە   مُتزَوِّجٌـتوي قىلغۇچى   عَزَبٌ (ج أعزَابٌ)ـبويتاق**

**يَهُوْدِيٌّ (ج يَهُوْدٌ )ـيەھۇدى    مُعْجَمٌ (ج مَعَاجِمُ)ـقامۇس، لوغەت    دُولاَرُ (ج دُولاراتٌ)ـدوللار    صَفْحَةٌ (ج صَفَحَاتٌ )ـبەت    نَاجِحٌ (ج ناجِحُونَ)ـنەتىجە قازانغۇچى   غَالٍـقىممەت    كُمٌّ ( ج أكْمَامٌ )ـيەڭ**

## (2)الدرسُ الثّاني

**هشام : السلام عليكم ورحمة الله وبركاته .**

هشام :سلەرگە اللەنىڭ سالامى، رەھمىتى ۋە بەرىكەتلىرى بولسۇن

**بلال : وعليكم السلام ورحمة الله وبركاته ....كيف حالك يا أخى ؟ من الأخ ؟** سلەرگىمۇ اللەنىڭ سالامى، رەھمىتى ۋە بەرىكەتلىرى بولسۇن... ئى قېرىندىشىم! قانداق ئەھۋالىڭ ؟ قېرىندىشىمىز كىمكىن ؟

**هشام : أنا مدرس جديد . اسمي هشام . أنا من الولايات المتحدة .**

هشام :مەن يېڭى ئوقۇتقۇچى. ئىسمىم هشام . مەن ئامرىكا قوشما شىتاتىدىن (ئا ق ش).

**بلال : أهلا وسهلا ومرحبا بك يا أخي . أنا مسرور بلقائك . أنا زميلك . اسمي بلال بن حامد ....أمن واشنطن أنت يا هاشم ؟**

بىلال : ئى قېرىندىشىم! خوش كەپسىز قارشى ئالىمەن . مەن سىز بىلەن ئۇچراشقانلىقىمغا ناھايىتى خۇشالمەن. مەن سىزنىڭ ساۋاقدىشىڭىز . ئىسمىم بلال بن هامىد ... ئى هشام! سىز ۋاشىنگتوندىنمۇ؟

**هشام : لا , أنا لست من واشنطن . إني من نيويورك .**

هشام : ياق ، مەن ۋاشىنگتوندىن ئەمەس . مەن نىيويوركتىن .

**بلال : أمسلم أبوك يا هاشم ؟**

بىلال : ئى هشام! دادىڭىز مۇسۇلمانمۇ ؟

**هشام : لا, هو ليس بمسلم .**

هشام : ياق ، ئۇ مۇسۇلمان ئەمەس .

**بلال : وأمك، أمسلمة هي ؟**

بىلال : ئانىڭىز، ئۇ مۇسۇلمانمۇ ؟

**هشام : لا , هي ليست بمسلمة .**

هشام : ياق ، ئۇ مۇسۇلمان ئەمەس .

**بلال : ألك أبناء يا هشام ؟**

بىلال : ئى هشام ئۇغۇللىرىڭىز بارمۇ ؟

**هشام : نعم , لي ستة أبناء.**

هشام : هەئە، مېنىڭ ئالتە ئوغلۇم بار .

**بلال : أطلاب هم ؟**

بىلال : ئۇلار ئوقۇغۇچىمۇ؟

**هشام : لا, هم ليسوا بطلاب . إن بعضهم تجار وبعضهم مهندسون .**

هشام : ياق ، ئۇلار ئوقۇغۇچى ئەمەس . ئۇلارنىڭ بەزىسى تىجارەتچى ، بەزىسى ئىنژېنېر.

**بلال : ألك بنات ؟**

سىزنىڭ قىزلىرىڭىز بارمۇ ؟

**هشام : نعم , لي خمس بنات .**

هشام : هەئە ، مېنىڭ بەش قىزىم بار .

**بلال : أمتزوجات هن ؟**

بىلال : ئۇلار توي قىلغانمۇ ؟

**هشام : لا , هن ليسوا بمتزوجات . إنهن صغار . بعضهن فى المدرسة الإبتدائية و بعضهن فى المدرسة المتوسطة .**

هشام : ياق ، ئۇلار توي قىلمىغان . ئۇلار تېخى كىچىك . ئۇلارنىڭ بەزىسى باشلانغۇچ مەكتەپتە ، ۋە بەزىسى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدۇ.

**بلال : ألك إخوة ؟**

بىلال : سىزنىڭ ئۇغۇل قېرىنداشلىرىڭىز بارمۇ ؟

**هشام : لا, ليس لي إخوة .. إن لي ثلاث أخوات .**

هىشام : ياق ، مېنىڭ ئۇغۇل قېرىنداشلىرىم يوق ..مىنىڭ ئۈچ ھەمشىرە بار .

**بلال : أمسلمات هن ؟**

بىلال : ئۇلار مۇسۇلمانمۇ ؟

**هشام : نعم , هن مسلمات ,والحمد لله .**

ھىشام : ھەئە ، ئۇلار مۇسۇلمان ،ئاللاغا شۈكرى .

**بۇ دەرستىكى گرامماتىكىلىق قائىدىلەر:**

**«لَيْسَ» توغرىسىدا**

مەنىسى: «ئەمەس»، «ياق».

ئاتىلىشى: تولۇقسىز پېئىل.

ئىشلىتىلىشى: بۇ تۈپ پېئىل (فعل جامد) بولۇپ، ئۇنىڭ كەلگۈسى زامان شەكلى (سىغىسى) ۋە بۇيرۇق شەكلى ئىشلىتىلمەيدۇ. بەلكى، ئۆتكەن زاماندا 14 خىل تۈرلىنىدۇ. ئادەتتە جۈملىنىڭ مەزمۇنىنى بولۇشسىز قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ( ليس , ليسا , ليسوا , ليست , ليستا , لسن , لست , لستما , لستم , لست , لستما , لستن , لست, لسنا ) .

ۋەزىپىسى: ئىسىملىق جۈملىگە كىرىپ ئىگىنى «ئىسمىم» دەپ تۈرۈپ ئاخىرىنى پەش ئوقۇتىدۇ، خەۋەرنى «خەۋىرىم» دەپ تۈرۈپ ئاخىرىنى زەبەر ئوقۇتىدۇ. كۆپىنچە ئۇنىڭ خەۋىرىگە ئاخىرىنى زىر قىلىش قوشۇمچىسى ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

حَامِدٌ طَالِبٌ ــــ لَيْسَ حَامِدٌ بِطَالِبٍ
(هامىد ئوقۇغۇچى) (هامىد ئوقۇغۇچى ئەمەس)

هِيَ لَيْسَتْ مِنَ الْعِرَاقِ (ئۇ ئىراقتىن ئەمەس)

دېگەنگە ئوخشاش.

## تمارين

1ـأ جِبْ عن الأسئلة الآتية: (تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بىرىڭ)

(1) من أين هشام؟ (2)من أيِّ مدينة هو؟ (3)كم أختا له؟

2ـضع هذه العلامة (✔) أمام الجمل الصحيحة، وهذه العلامة ( ✖ ) أمام الجمل التي ليست صحيحة (توغرا بولغان جۈملىنىڭ ئالدىدا بۇ(✔) بەلگىنى، توغرا بولمىغان جۈملىنىڭ ئالدىدا بۇ( ✖ )بەلگىنى قويۇڭ)

(1) هشام من واشنطن. (2)أخواته مسلمات.

(3) بناته لَسْنَ بمتزوّجات. (4)أبناؤه طلاب.

(5) أمّه ليست بمسلمة. (6)أبو مسلم.

3ـتأمل ما يلي(تۆۋەندىكىلەرنى مۇلاھىزە قىلىڭ)

| | |
|---|---|
| حامدٌ طالبٌ. | حامدٌ لَيْسَ بطالبٍ. |
| الطلابُ صِغارٌ. | الطلابُ لَيْسُوْا بصغارٍ. |
| آمنةُ طبيبةٌ. | آمنةُ لَيْسَتْ بطبيبةٍ. |
| الفَتَياتُ مُتزَوِّجاتٌ. | الفتياتُ لَسْنَ بمتزوجاتٍ. |
| أنتَ كبيرٌ. | (أنت) لَسْتَ بكبيرٍ. |
| أنتم جُدُدٌ. | (أنتم) لَسْتُمْ بجُدُدٍ. |
| أنتِ فقيرةٌ. | (أنتِ) لَسْتِ بفقيرةٍ. |
| أنتنَّ مُجتهداتٌ. | (أنتنّ) لَسْتُنَّ بمجتهداتٍ. |
| أنا مدرسٌ. | (أنا) لَسْتُ بمدرسٍ. |
| نحن طلابٌ. | (نحن) لَسْنَا بطلابٍ. |

4ـأدْخِلْ (ليس) على الجمل الآتية: (تۆۋەندىكى جۈملىلەرگە (ليس) نى كىرگۈزۈڭ)

(1) البابُ مُغْلَقٌ.........................................................

(2) الماءُ باردٌ.........................................................

(3) هِشامٌ مريضٌ.........................................................

(4) أبي نائمٌ.........................................................

(5) الدرسُ صعبٌ.........................................................

(6) المسجدُ قريبٌ.........................................................

(7) الطِفْلُ جَوْعَانُ .........................................(بجوعانَ)

5ـاقرأ المثالين، ثم أدخل (ليس) على الجمل الآتية:( ئىككى مىسالنى ئوقۇپ ئاندىن تۆۋەندىكى جۈملىلەرگە (ليس) نى كىرگۈزۈڭ)

| | |
|---|---|
| هوتاجر. | هو ليس بتاجر. |
| هو من اليابان. | هو ليس من اليابان. |

(1) السيارة جميلة.........................................................

(2) أناغنيٌّ.........................................................

(3) أنت فقيرٌ.......................................
(4) هي من العراقِ.......................................
(5) نحن أذكياءُ.......................................
(6) هوعزَب.......................................
(7) المدرسون في الفصول.......................................

(8) أنت ذكية.......................................
(9) أنتم كبارٌ.......................................
(10) الطالبات في المكتبة.......................................
(11) أنتنّ طالباتٌ جددٌ.......................................

6ـأجب عن الأسئلة الآتية بالنفي مستعملا (ليس): («ليس» نى قوللنىپ بولۇشسىز هالەتتە تۆۋەندىكى سۇئاللارغا جاۋاب بېرىڭ)

(1) أمهندس أبوك؟.......................................

(2) مدرّسة أمّك؟.......................................

(3) أطلاب إخوتك؟.......................................

(4) ممرضات أخواتك؟.......................................

(5) أمدرس أنت؟.......................................

(6) أجدد أنتم؟.......................................

(7) جديدة سيارتك؟.......................................

7ـيوجه المدرس إلى كل من الطلاب أسئلة يكون جوابها بالنفي ويردّ عليها الطالب مستعملا (لَسْتُ) نحو:(ئوقۇتقۇچى ئوقوغۇچىلارنىڭ ھەربىرگە ئۇنىڭ جاۋابى بولۇشسىز بولىدىغان سۇئاللارنى ئوتتۇرغا قويىدۇ، ئوقوغۇچىلارئۇ سۇئاللارغا « لَسْتُ »نى قوللىنىپ جاۋاب بېرىدۇ.) مەسىلەن:

أمن أمريكا أنت؟ أمتزوج أنت؟
أمريض أنت؟ أمهندس أنت؟

8ـ اقرأ المثال، ثم أدخل (إنّ) على الجمل الآتية : ( تۆۋەندىكى جۈملىلەرگە «إنّ» نى كىرگۈزۈڭ)

لي ثلاثُ أخواتٍ. (اصْلُهُ ثلاثُ اخَواتٍ لي)
إنَّ لي ثلاثَ أخواتٍ. (أصله إنَّ ثلاثَ أخواتٍ لي)
في الفصل خمسةُ طلابٍ جددٍ .......................................
لنا مدرّسٌ جَيِّدٌ. .......................................
في جَيْبي مِائَةُ ريالٌ. .......................................
في الهند أنهارٌ كثيرةٌ. .......................................
لك برقيةٌ في مَكتبِ البَريدِ .......................................
لي ألف دولار في المَصْرفِ. .......................................

**الكلمات الجديدة**

لِقَاءٌ ـ ئۇچرشش　　جَيِّدٌ ـ ياخشى　　جَيْبٌ (ج جُيُوْب) ـ يانجۇق

نَهْر ج انْهَارٌ ـ دەريا　　بَرْقِيَّةٌ (ج بَرْقِيّاتٌ ) ـ خەت　　مَصْرِفٌ (ج مَصارِفُ) ـ بانكا

مكتب البريد ـ پوچتاخانا

# (3)الدرسُ الثَّالِثُ

**أحمد : كم طالبا فى فصلكم يا علي ؟**

ئەھمەد : ئى ئەلى! سىلەرنىڭ سىنىپتا قانچە ئوقۇغۇچى بار ؟

**علي : فى فصلنا أربعة عشر طالبا .**

ئەلى : بىزنىڭ سىنىپتا ئون تۆت ئوقۇغۇچى بار .

**أحمد : الطلاب فى فصلنا أكثر . فيه تسعة عشر طالبا . يا علي ،مااسم الطالب الجديد الذى جاء أمس ؟**

ئەھمەد : بىزنىڭ سىنىپىمىزدىكى ئوقۇغۇچىلار كۆپىراق . سىنىپىمىزدا ئون توققۇز ئوقۇغۇچى بار. ئى ئەلى! تۈنۈگۈن كەلگەن يېڭى ئوقۇغۇچىنىڭ ئىسمى نىمە ؟

**علي : اسمه اسامة .**

ئەلى : ئۇنىڭ ئىسمى ئۇسامە .

**أحمد : هو طويل جدا . أليس كذالك ؟**

ئەھمەد : ئۇ بەك ئىگىزكەن. شۇنداق ئەمەسمۇ ؟

**علي : بلى ، هو طويل جدا ولكن حامد أطول منه . إنه أطول طالب فى فصلنا ... ومن أطول طالب فى فصلكم ؟**

ئەلى : شۇنداق، ئۇ بەك ئىگىز ، بىراق ھامىد ئۇنىڭدىنمۇ ئىگىزراق . ئۇ بىزنىڭ سىنىپىمىزدىكى ئەڭ ئىگىز ئوقۇغۇچى ....سىلەرنىڭ سىنىپىڭلاردىكى ئىگىز ئوقۇغۇچى كىم ؟

**أحمد : أطول طالب فى فصلنا إبراهيم .**

ئەھمەد : بىزنىڭ سىنىپىمىزدىكى ئەڭ ئىگىز ئوقۇغۇچى ئىبراھىم .

**علي : أدفترك هذا يا أحمد ؟ إن خطك جميل جدا . ماشاء الله !**

ئەلى : ئى ئەھمەد! بۇ سىزنىڭ دەپتىرىڭىزمۇ ؟ سىزنىڭ خەتتىڭىز ھەقىقەتەن چىرايلىقكەن . ئاللانىڭ ئىرادىسى شۇنداق!

**أحمد : شكرا لك يا علي ، خطي جميل ، وخطك أجمل .**

ئەھمەد : ئى ئەلى! سىزگە رەھمەت ، مېنىڭ خېتىم چىرايلىق ، سىزنىڭ خېتىڭىز تېخىمۇ چىرايلىقراق .

**علي : من هذا الفتى الذى معك يا أحمد ؟ كأنه أخوك .**

ئەلى : ئى ئەھمەد! سىز بىلەن تۇرغان بۇ يىگىت كىم ؟ خۇددى ئۇ سىزنىڭ قېرىندىشىڭىزدەكلا قىلىدۇ.

**أحمد : نعم ، هو أخى الشقيق .**

ئەھمەد : ھەئە ، ئۇ مېنىڭ بىر تۇققان قېرىندىشىم .

**علي : أأكبر منك هو أم أصغر؟**

ئەلى : ئۇ سىزدىن چوڭمۇ ياكى كىچىكمۇ ؟

**أحمد: هو أصغر مني .**

ئەھمەد : ئۇ مەندىن كىچىك .

**علي : فى أي مهجع أنت ياأخى ؟**

ئەلى : ئى قېرىندىشىم سىز قايسى ياتاقتا ؟

**أحمد : أنا فى المهجع الخامس ، وهو بعيد جدا عن المدرسة .**

ئەھمەد : مەن بەشىنچى ياتاقتا ، ئۇ مەكتەپتىن خېلى يىراق .

**علي : أنا فى المهجع الثامن وهو أبعد من مهجعكم .**

ئەلى : مەن سەككىزىنچى ياتاقتا، ئۇ سىلەرنىڭ ياتىقىڭلاردىنمۇ يىراقراق .

**أحمد : أيهما أحسن ؟**

ئەھمەد : ئۇ ئىككىسىنىڭ قايسى ياخشىراق ؟

**علي : المهجع الخامس أحسن فإن غرفه أوسع ، ونوافذه أكبر، ومراحيضه أنظف ، والسرر التى فيه أجمل .**

ئەلى : بەشىنچى ياتاق ياخشىراق، چۈنكى ئۇنىڭ ياتاقلىرى ئازادىرەك ، دېرىزىلىرى چوڭراق ، ھاجەتخانلىرى پاكىزراق ، ئۇنىڭدىكى كارۋاتلار چىرايلىقراق.

## بۇ دەرستىكى گراممانتىكىلىق قائىدىلەر:

### 1- مەزمۇن: ئاشۇرما سۈپەتداش (اسْم التَفْضِيْلِ)توغرىسىدا

ئاشۇرما سۈپەتداش **(اسْـــم التَفْضِـــيْل)** ـــ ئىككى شەيئىنى بىر-بىرىگە سېلىشتۇرۇپ، بىرىنى يەنە بىرىدىن ئاشۇرۇپ تەسۋىرلىگەن سۈپەت مەنىسىدىكى ئىسمنى كۆرستىدۇ.

ئۇ «أَفْعَلُ» ئۆلچىمىدە ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

هَاشِمُ طَوِيْلٌ وَحَامِدٌ أَطْوَلُ مِنْهُ

(هاشىم ئېگىز، هامىد ئۇنىڭدىمۇ ئېگىزرەك)

دېگەنگە ئوخشاش.

ئاشۇرما سۈپەتداش(اسْم التَفْضِيْلِ) نى ...قىلىغۇچىراق ئەتكۈچىراق (ئەڭ ، راق ،) دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ .

(أفعل ) ئۆلچىمدە كەلگەن ئاشۇرما سۈپەتداش(اسْم التَفْضِيْلِ) ئۈچ خىل ئىشلىتىلىدۇ .

1- ( أفعل من )، دەپ من بىلەن كەلسە (راق ، رەك ،) دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ .

2- ئىزاپەتلىك بىرىكىپ كىلىدۇ ، (محمـــد أحســـنهم خلقـــا ) مۇھەممەد ئەخلاقتا ئۇلارنىڭ ئەڭ ياخشىراقى.. دىگەندەك تەرجىمە قىلىنىدۇ ،

3 -( الف لام ) لىق كىلىدۇ ( ئەڭ ) دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ .

### 2- مەزمۇن: «لٰكِنَّ» ۋە «كَأَنَّ» توغرىسىدا

بۇ ئىككىسى ھەرپ بولۇپ، «لٰكِنَّ» ـــ «بىراق»، «ئەمما»، «لېكىن» دېگەن مەنىدە؛ «كَأَنَّ» ـــ «خۇددى»، «ئوخشاش»، «... دەك، ... تەك» دېگەن مەنىدە.

ئاتىلىشى: پېئىلغا ئوخشايدىغان قوشۇمچە.

ۋەزىپىسى: ئىسىملىق جۈملىگە كىرىپ ئىگىنى «ئىسمىم» دەپ تۇرۇپ ئاخىرىنى زەبەر ئوقۇتىدۇ، خەۋەرنى «خەۋىرىم» دەپ تۇرۇپ پىش ئوقۇتىدۇ.

مەسىلەن:

لٰكِنَّ حَامِدًا أَطْوَلُ مِنْهُ (لېكىن هامىد ئۇنىڭدىن ئېگىزرەك)

كَأَنَّهُ أَخُوْكَ (ئۇ سېنىڭ قېرىندىشىڭغا ئوخشايدۇ)

دىگەنگە ئوخشاش.

### 3- مەزمۇن: 11دىن 19غىچە بولغان سانلار توغرىسىدا

11دىن 19غىچە بولغان سانلار قاتقان ئىسىملار قاتارىدىن بولۇپ، 11 ۋە 12 سانالغۇچىسى بىلەن جىنس (ئەرلىك-ئاياللىق) جەھەتتە بىر-بىرىگە ماسلىشىپ كېلىدۇ. شۇنىڭدەك، 21، 22، 31، 32 ... 91، 92 لارمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ. مەسىلەن:

أَحَدَ عَشَرَ طَالِبًا (11 ئوغۇل ئوقۇغۇچى)

إِحْدَى عَشْرَةَ طَالِبَةً (11 قىز ئوقۇغۇچى)

دىگەنگە ئوخشاش.

13تىن 19غىچە بولغان سانلارنىڭ بىرلەر خانىسى سانالغۇچى بىلەن جىنس جەھەتتە قارىمۇقارشى كېلىدۇ، ئونلەر خانىسى ماسلىشىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ثَلاثَةَ عَشَرَ طَالِبًا (13 ئوغۇل ئوقۇغۇچى)

ثَلاثَ عَشْرَةَ طَالِبَةً (13 قىز ئوقۇغۇچى)

دىگەنگە ئوخشاش.

شۇنىڭدەك، 11دىن 99غىچە بولغان بارلىق سانلارنىڭ سانالغۇچىسى بىرلىك ساندىكى ئېنىقسىز ئىسىملاردىن كېلىپ قوش زەبەرلىك ئوقۇلىدۇ.

مەسىلەن:

تِسْعَةٌ وَتِسْعُوْنَ طَالِبًا — أَحَدَ عَشَرَ طَالِبًا

دىگەنگە ئوخشاش.

يۇقىرىدا سۆزلەنگىنى ساناق سانلار توغرىسىدىكى قائىدىلەر بولۇپ، ئەمدى دەرىجە سان توغرىسىدا توختىلىمىز.

دەرىجە سانلار (يەنى «ىنچى» سانلار) «فَاعِلٌ» ئۆلچىمىدە ياسىلىدۇ. بىردىن 10غىچە بولغان دەرىجە سانلار سانالغۇچىسى بىلەن دائىم ئۆزئارا ماسلىشىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

اَلدَّرْسُ الأَوَّلُ (بىرىنچى دەرس) اَلدَّرْسُ الْعَاشِرُ (ئونىنچى دەرس)

اَلْمَهْجَعُ الْخَامِسُ (بەشىنچى ياتاق)

دىگەنگە ئوخشاش.

## تمارين

1ـ أ جِبْ عن الأسئلة الآتية: (تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭ)

(1) كم طالبا في فصل أحمد؟ (2)كم طالبا في فصل عليّ؟

(3) مَن أطول طالب في فصل أحمد؟

(4) ومن أطول طالب في فصل عليّ؟

2ـ ضع هذه العلامة (✔) أمام الجمل الصحيحة، وهذه العلامة ( ✖ ) أمام الجمل التي ليست صحيحة (توغرا بولغان جۈملىنىڭ ئالدىدا بۇ(✔) بەلگىنى، توغرا بولمىغان جۈملىنىڭ ئالدىدا بۇ( ✖ )بەلگىنى قويۇڭ)

(1) الطالب الجديد الذي جاء أمس اسمه أسامة.

(2) حامد في فصل أحمد. (3)المهجع الثامن غُرَفُه أوسع.

(4) المهجع الثامن أبعد من المهجع الخامس.

3ـ اقرأ الأمثلة الآتية لـ (اسْم التَفْضِيْل): (ئاشۇرما سۈپەتداش«اسْم التَفْضِيْل»نىڭ تۆۋەندىكى مىساللىرىنى ئوقۇڭ)

هاشم طويلٌ ، وحامد أَطْوَلُ مِنْهُ.

آمنةُ صغيرةٌ ، وزينبُ اصْغَرُ مِنْها.

(1) هذا الكتاب أسهل من ذاك.

(2) هذه السيارة أجمل من تلك.

(3) حمزة أكبر مِنّي سنًّا.

(4) هؤلاء الطلاب أحسن من أولئك.

(5) بيتي أبعد عن المدرسة من بيتك.

(6) هو أصغر مِنّا سِنًّا.

(7) خطِّي أحسن من خطِّك.

(8) هذا الشارع أنظف من ذلك.

(9) اللَّبَن أحسن من الشاي.

(10) هذه الساعة أرخص من تلك.

4ـ كون جملا من الكلمات الآتية مستعملا (اسم التَفْضِيْل) (ئاشۇرما سۈپەتداش«اسْم التَفْضِيْل»نى قوللىنىپ تۆۋەندىكى سۆزلەردىن جۈملىلەرنى شەكىللەندۈرۈڭ)

(1) هاشم / طويل / عثمان.........................

(2) القاهرة / كبير / الرياض.......................

(3) هذا الفندق / نظيف / ذاك.........................

(4) اللغة العربية / سهل / اللغة الفرنسية...............

(5) أنا / كبير / هو.......................................

(6) هو / صغير / أنت....................................

(7) الرجال / كثير / النساء.............................

(8) أنتَ / حسن / أنا.....................................

(9) الموز / رخيص / العِنَبُ.............................

(10) الشمس / بعيد. / القمر..........................

5ـ اقرأ الأمثلة، ثم حوّل الجمل الآتية على غِرارها مستعملا (اسم التَفْضِيْل) (تۆۋەندىكى مىساللارنى ئوقۇڭ ئاندىن ئاشۇرما سۈپەتداش«اسْم التَفْضِيْل»نى قوللىنىپ تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئۇنىڭغا ئوخشاش ئۆزگەرتىڭ)

(أ) محمدٌ طالبٌ حسنٌ .محمد أَحْسَنُ طالبٍ في الفصل.

(ب) هذا بيتٌ جميلٌ .هذا أجملُ بيتٍ في الشارع.
(ج) آمنةُ طالبةٌ صغيرةٌ .آمنةُ أصغرُ طالبةٍ في المدرسة.
(1) هذه غرفة صغيرة ............... .في بيتنا.
(2) بلال جارٌ حسنٌ .................. . في حَيِّنا.
(3) ياسر رجل فقير ................. .في قَرْيَتنا.
(4) هذه ساعة رخيصة ............... .في السوق.
(5) هذا درس سهل ................. .في الكتاب.
(6) الدُكتورُ زَكريَا طبيبٌ شَهِيْرٌ ........ .في بَلَدنا.
(7) الأزْهَرُ جامعة قديمة ............. .في العالَم.
(8) الأستاذ نُعْمان مدرس حسن ........في المدرسة.
(9) ذلكَ درس صَعْب .......................في الكتاب.
(10) هذا فصل واسع ...................... .في الكُلِّيَة.

6- اقرأ المثالين، ثم اربط بين كل جملتين فيما يلي مستعملا (لكنّ) واعلم أن (لكنّ) من أخوات (إنّ): ( ئىككى مسالنى ئوقۇڭ ئاندىن « لكنّ »نى قوللىنىپ تۆۋەندىكى ھەربىر ئىككى جۈملىنىڭ ئوتتۇرسىنى باغلاڭ. بىلىپ قويۇڭكى « لكنّ »مۇ « إنّ » تۈردىكى قوشىمچىلاردىندۇر)

(أ) الطلابُ كثير. الفصلُ صغير الطلابُ كثيرٌ لكن الفصلَ صغيرٌ.
(ب) حامد مجتهد. صديقُه كسلانُ حامد مجتهد لكنَّ صديقَه كسلانٌ.
(1) محمد طويل. حامد قصير................................ .
(2) آمنة مجتهدة. أختها كَسْلَى................................ .
(3) هذا الدرس طويل. هو سهل................................ .
(4) سيارتي قديمة. هي قويّة................................ .
(5) أخي متزوج. أنا عَزَبٌ................................ .
(6) إبراهيم فقير. عمّه غنيّ جدا................................ .
(7) بيتك جميل جدا. هو صغير................................ .

7- اقرأ المثالين، ثم أدخل (كَأَنَّ) على الجمل الآتية علما بأن (كَأَنَّ) من (أخوات إنّ): ( ئىككى مسالنى ئوقۇڭ ئاندىن تۆۋەندىكى جۈمىلەرگە (كَأَنَّ)نى كىرگۈزۈڭ، شۇنى بىلىۋىلىڭكى (كَأَنَّ) مۇ (إنَّ) تۈردىكى قوشۇمچىلاردىندۇر)

(أ) من هذا الفتى؟ كَأَنَّه أخوك.
(ب) من هذه الطِفْلة؟ كَأَنَّهَا أُخْتُك

(1) هو زميلك.................. (2)هي طبيبة......................
(3) هم طلاب.................. (4)أنه مريض......................
(5) هو مدرس جديد............ (6)أنت أخت مريم.....................

8-اقرأ ما يلي (تۆۋەندىكى جۈمىلەرنى ئوقۇڭ)

11 أَحَدَ عَشَرَ طالباً.
12 آثْنَا عَشَرَ طالباً
13 ثَلاثَةَ عَشَرَ طالباً
14 أَرْبَعَةَ عَشَرَ طالباً
13 خَمْسَةَ عَشَرَ طالباً
16سِتَّةَ عَشَرَ طالباً
17سَبْعَةَ عَشَرَ طالباً
18ثَمَانِيَةَ عَشَرَ طالباً
19تِسْعَةَ عَشَرَ طالباً
20عِشْرُوْنَ طالباً

9- اقرأ ما يلي، ثم اكتبه مع كتابة الأرقام الواردة فيه بالحروف : ( تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇڭ ئاندىن كېيىن ئۇ جۈملىلەردە كەلگەن سانلارنى ھەرىپ بىلەن يېزىڭ)

(1) نص الفصل 19 طالبا.
(2) عندي 15 كتاباً باللغة العربية و12 كتاباً باللغة الفرنسية.
(3) رأى يوسف عليه السلام في المَنَام 11 كَوْكَباً.

(4) عندي 20 ريالاً.
(5) كم فُندقا في هذا الشارع؟ فيه 13 فندقا.
(6) في هذه المدينة 14 مسجدا.
(7) ثَمَنُ هذا الكتاب 17 ريالا.
(8) في هذا الكتاب 20 درسا.
(9) في السَنَة 12 شَهْرا.

10ـاقرأ ما يلي: (تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭ)

| | |
|---|---|
| 1 الدرسُ الأول | 6الدرسُ السادِسُ |
| 2 الدرسُ الثَّانِيْ | 7الدرسُ السابِعُ |
| 3 الدرسُ الثَّالِثُ | 8الدرسُ الثامِنُ |
| 4 الدرسُ الرابِعُ | 9الدرسُ التاسِعُ |
| 5 الدرسُ الخامِسُ | 10الدرسُ العاشِرُ |

(الأوَّلُ: مُؤَنَّثُه: الأوْلى. نقول: الطالبُ الأولُ، والطالبةُ الأولى)

11ـ اِنعت الأسماء الآتية بالعدد الترتيبي المشتق من العدد المذكور أمام كل واحد منها:( تۆۋەندىكى ئىسىملارنى ئۇنىڭ ھەربىرىنىڭ ئالدىدا سۆزلەنگەن سانلاردىن ياسالغان دەرىجە سانلار بىلەن سۈپەتلەڭ)

| | |
|---|---|
| اليوم...................(8) | في السَّنَة .....................(4) |
| الطالب...............(3) | الطالبة .......................(6) |
| الدرس...............(10) | البيت .........................(7) |
| الصَفْحة ..............(9) | الغرفة .........................(5) |
| الجزء ........(1) | الجزء.........................(2) |

12ـ يوجّه المدرس إلى الطلاب أسئلة مكوّنة من (أَلَيْسَ كَذلِكَ؟) فيجيب عليها الطلاب ب (بَلَى). نحو: (ئوقۇتقۇچى ئوقوغۇچىلارغا (أَلَيْسَ كَذلِكَ؟)دىن شەكىللىنىدىغان سۇئاللارنى ئوتتۇرغا قويىدۇ، ئوقوغۇچىلارئۇ سۇئاللارغا « بَلَى »نى قوللىنىپ جاۋاب بىرىدۇ.) مەسىلەن:
(1) أنت من الهند. أليس كذلك؟
(2) أنت مريض. أليس كذلك؟

13ـ(أيُهما). يُشيْرُ المدرس إلى طالبين ويقول: هذان طالبان. أيُهما أطولُ؟ وإلى كتابين ويقول: هذان كتابان. أيهما أَجْمَلُ؟ وهكذا.

الكلمات الجديدة:

| | | |
|---|---|---|
| مَهْجَعٌ (ج مَهَاجِعُ)ـياتاق | كَوْكَبٌج كَوَاكِبٌ ـيۇلتۇز | وَاسِعٌ ـكەڭ |
| فَرِيْقٌ (ج فُرَقَاءُ)ـگوروھ | شَقِيْقٌ ج أشِقَّاءٌ ـبىر تۇقان | ثَمَنٌ ـپۇل |
| عَالَم ـئالەم،دۇنيا | شَهِيْرٌ ـمەشھۇر | شَهْرٌ ج شُهُوْرٌ أَشْهُرٌ:ئاي |
| لاعِبٌ ج لاعِبُوْنَ ـتەنەركەتچى في المَنَام ـئۇيقدا | | الأَزْهَرُ ـ ئەزھەر ئونۋىرستىق |

# (4)الدرس الرابِع

**يوسف: السلام عليكم ورحمة الله وبركاته .**

**يوسف:**سلەرگە اللەنىڭ سالامى، رەھمىتى ۋە بەرىكەتلىرى بولسۇن

**إبراهيم : وعليكم السلام ورحمة الله وبركاته. أهلا وسهلا ومرحبا بك ياخالي . كيف حالك ؟ لعلك بخير .**

**إبراهيم:** سلەرگىمۇ اللەنىڭ سالامى، رەھمىتى ۋە بەرىكەتلىرى بولسۇن... ئى تاغا ! خۇش كەپسىز قارشى ئالىمەن.

قانداق ئەھۋالىڭىز ؟ ئېھتىمال ياخشى تۇرغانسىز .

**يوسف : الحمد لله .... أين أبوك يا إبرهيم ؟**

يۇسۇف : ئاللاغا شۇكرى .... ئى ئىبراھىم! دادىڭىز قەيەردە ؟

**إبراهيم : ذهب إلى السوق.**

ئىبراھىم : ئۇ بازارغا كەتتى .

**يوسف : وأين أمك ؟**

يۇسۇف : ئانىڭىزقەيەردە ؟

**إبراهيم : ذهبت إلى خالتي زينب .**

ئىبراھىم : ئۇھاممام زەينەپنىڭ قېشىغا كەتتى .

**يوسوف : وأين إخوتك ؟**

يۇسۇف : ئۇغۇل قېرىنداشلىرىڭىز قەيەردە ؟

**إبراهيم : ذهبوا إلى الجامعة .**

ئىبراھىم : ئۇلار ئۇنىۋېرسىتتقا كەتتى .

**يوسوف : وأين أخواتك ؟**

يۇسۇف : قىز قېرىنداشلىرىڭىز قەيەردە ؟

**إبراهيم : ذهبن إلى المدرسة .**

ئىبراھىم : ئۇلار مەكتەپكە كەتتى .

**يوسوف : أما ذهبت إلى المدرسة اليوم ؟**

يۇسۇف : سىز بۈگۈن مەكتەپكە بارمىدىڭىزمۇ ؟

**إبراهيم : بلى، ذهبت ورجعت بعد الحصة الأولى.**

ئىبراھىم : ئۇنداق ئەمەس باردىم، بىرىنجى سائەتلىك دەرىستىن كىيىن قايتىپ كەلدىم .

**يوسوف : لماذا رجعت ؟**

يۇسۇف : نىمە ئۇچۇن قايتىپ كەلدىڭىز ؟

**إبراهيم : رجعت لأنني مريض .**

ئىبراھىم : مەن ئاغرىپ قالغانلىقىم ئۇچۇن قايتىپ كەلدىم .

**يوسوف : لا بأس ...أذهبت إلى الطبيب ؟**

يۇسۇف : ھېچقىسى يوق .... دوختۇرغا باردىڭىزمۇ ؟

**إبراهيم : نعم، ذهبت .**

ئىبراھىم: ھەئە، باردىم .

## بۇ دەرستىكى گىراممانىكىلىق قائىدىلەر:

### 1- مەزمۇن: «أَنَّ» توغرىسىدا

مەنىسى: «جەزمەن»، «چوقۇم»، «ھەقىقەتەن»، «شۈبھىسىزكى».

ئاتىلىشى: پېئىلغا ئوخشايدىغان قوشۇمچە.

ۋەزىپىسى: ئىسىملىق جۈملىگە كىرىپ ئىگىنى «ئىسىمىم» دەپ تۇرۇپ ئاخىرىنى زەبەر ئوقۇتىدۇ، خەۋەرنى «خەۋىرىم» دەپ تۇرۇپ پىش ئوقۇتىدۇ ھەمدە بۇ ئىككىسىنىڭ ھۆكۈمنى بىرلىك ئىسمىنىڭ ھۆكۈمگە ئايلاندۇرىدۇ. مەسىلەن:

رَجَعْتُ لِأَنَّنِيْ مَرِيْضٌ

(مەن ئاغرىپ قالغانلىقىم ئۈچۈن قايتىپ كەلدىم)

دېگەنگە ئوخشاش.

### 2- مەزمۇن: «نَعَمْ» ۋە «بَلَى»نىڭ ئىشلىتىلىشى توغرىسىدا

بولۇشلۇق سوراق جۈملىگە بولۇشلۇق ھالەتتە جاۋاب بېرىش ئۈچۈن «نَعَمْ» ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

أَذَهَبْتَ إِلَى الْمَدْرَسَةِ أَمْسِ ؟ نَعَمْ، ذَهَبْتُ.

(تۈنۈگۈن مەكتەپكە باردىڭمۇ) (ھەئە، باردىم)

بولۇشسىز سوراق جۈملىگە بولۇشلۇق جاۋاب بەرگەندە «بَلَى» ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

أَمَا ذَهَبْتَ إِلَى الْمَدْرَسَةِ أَمْسِ؟ بَلَى، ذَهَبْتُ.

(تۈنۈگۈن مەكتەپكە بارمىدىڭمۇ) (شۇنداق، باردىم)

دېگەنگە ئوخشاش.

## تمارين

**1ـ أجب عن الأسئلة الآتية:(تۆۋەندىكى سۇئاللارغا جاۋاب بېرىڭ)**

**(1) أين ذهب أبو إبراهيم؟ (2) وأين ذهبت أمه؟**

**(3) متى رجع إبراهيم من المدرسة؟**

**2ـ ضع هذه العلامة (✔) أمام الجمل الصحيحة، وهذه العلامة ( ✖ ) أمام الجمل التي ليست صحيحة (توغرا بولغان جۈملىنىڭ ئالدىدا بۇ(✔) بەلگىنى، توغرا بولمىغان جۈملىنىڭ ئالدىدا بۇ( ✖ )بەلگىنى قويۇڭ)**

**(1) إبراهيم آبنُ أختِ يوسفَ.**

(2) يوسفُ عمَ إبراهيمَ.

(3) أخوات إبراهيمَ ذهبن إلى المكتبة.

(4) إخوة إبراهيم ذهبوا إلى الجامعة.

(5) ما ذهب إبراهيمُ إلى الطبيب.

3ـ ضع في الأماكن الخالية فيما يلي الفعل (ذَهَبَ) وأسنده إلى الضمير المناسب:(تۆۋەندىكى بوش ئورۇنلاردا (ذَهَبَ) دىگەن پىئلنى قويۇڭ ھەمدە ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئالماشنى قوشۇڭ)

| | |
|---|---|
| (1) الأولاد..........إلى الملعب. | (2)الطالبات......... إلى المدرسة. |
| (3) المدرس.........إلى الفصل. | (4)أنا...............إلى المطار. |
| (5) أختى.........إلى المَطْبَخ. | (6)أين....................أنتَ؟ |

4 ـ صحح الجمل الآتية: (تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى توغرىلاڭ)

(1) أذَهَبْتُ إلى المستشفى يا محمد؟........................................

(2) آمنة وفاطمة وزينب رجعوا من الجامعة.........................

(3) زملائي ذَهَبَ إلى مكة..........................................

(4) أنا رَجَعْتَ من الرياض أمس...................................

(5) مريم وبناها ذَهَبَتْ إلى جدّة.................................... .

(6) أمي قال: أنا مريض............................................ .

5 ـ أجب عن الأسئلة الآتية بالنفي مستعملا (ما): ( (ما)نى قوللىنىپ بولۇشسىزلىق بىلەن تۆۋەندىكى سۇئاللارغا جاۋاب بىرىڭ)

(1) أذهبتَ إلى المدرسة أمس؟...............................................

(2) أرجع أبوك من بَغْدَاد؟.. ..............................................

(3) أذهبتْ أختُك إلى المستشفى؟................... ...........

6 ـ تأمل ما يلي: (تۆۋەندىكىلەرنى مۇلاھىزە قىلىڭ)

(لأنَّ) = لِـ + أنَّ. و(أنَّ) من أخوات (إنَّ)

لأنَّ + هو = لأنَّه. لأنَّ + هِيَ = لأنَّها

لأنَّ + أنت = لأنَّك.

رَجَعَ حامد من المدرسة لأنَّهُ مريض.

رجعتْ آمنة من المدرسة لأنها مريضة.

رجعتُ من المدرسة لأنَنِي مريضة.

7 ـ اقرأ المثال، ثم أجب عن الأسئلة الآتية بـ (نَعَمْ) أو (بَلَى) : {(نَعَمْ) ياكى (بَلَى) قوللىنىپ تۆۋەندىكى سۇئاللارغا جاۋاب بىرىڭ}

| | |
|---|---|
| أذهبتَ إلى المدرسة أمس؟ | نَعَمْ. ذهبتُ. |
| أما ذهبتَ إلى المدرسة أمس؟ | بَلَى. ذهبتُ. |
| أرجع أبوك من السوق؟ | ........................................... |
| أما رجع أبوك من السوق؟ | ........................................ |
| أذهبت ليلى إلى الجامعة؟ | ........................................... |
| أما ذهب أخوك إلى الرياض؟ | ........................................... |

# (5)الدَرْسُ الخَامِسُ

**المدرس : من فتح باب الفصل ؟**

ئوقۇتقۇچى : سىنىپنىڭ ئىشىكىنى كىم ئاچتى ؟

**حامد : أنا فتحته .**

هامىد : مەن ئاچتىم .

**المدرس : ومن فتح النؤافذ ؟**

ئوقۇتقۇچى : دېرىزىلەرنى كىم ئاچتى ؟

**علي : أنا فتحتها .**

ئەلى: مەن ئاچتىم .

**المدرس : من كسر هذا المكتب ؟ أأنت كسرته يا هاشم ؟**

ئوقۇتقۇچى : بۇ ئۈستەلنى كىم سۇندۇردى ؟ ئى هاشىم! سەن سۇندۇردۇڭمۇ ؟

**هاشم : لا، إني ماكسرته .**

هاشىم : ياق ، ئۇنى مەن سۇندۇرمىدىم .

**المدرس : أ رجع زكريا وحمزة وعثمان من مكة ؟**

ئوقۇتقۇچى : زەكەرىيا ھەمزە ۋە ئوسمان مەككىدىن قايتىپ كەلدىمۇ ؟

**حامد : لا، مارجعوا .**

هامىد : ياق ، ئۇلار قايتىپ كەلمىدى .

**عباس : ياأستاذ ، خرج الطلاب الجدد وذهبوا إلى المدير .**

ئابباس : ئى ئۇستاز! يىگى ئوقۇغۇچىلار چىقىپ كەتتى ۋە ئۇلار مۇدىر قېشىغا كەتتى .

**المدرس : أفهمت الدرس يا طلحة ؟**

ئوقۇتقۇچى : ئى تەلھە! دەرسنى چۈشەندىڭىزمۇ ؟

**طلحة : نعم فهمته جيدا .**

تەلھە : ھەئە، ياخشى چۈشەندىم .

**المدرس : أكتبت الأجوبة يا فيصل ؟**

ئوقۇتقۇچى: ئى فەيسەل تاپشۇرۇقلارنى يازدىڭىزمۇ ؟

**فيصل : لا، ما كتبتها .**

فەيسەل : ياق يازمىدىم .

**المدرس : لماذا ؟**

ئوقۇتقۇچى : نىمە ئۈچۈن ؟

**فيصل : لأنى مافهمت الأسئلة .**

فەيسەل : چۈنكى، مەن سۇئاللارنى چۈشىنەلمىدىم .

**المدرس : أحفظت سورة الفجر ياإبراهيم ؟**

ئوقۇتقۇچى : ئى ئىبراھىم! سۈرە فەجرنى يادلىدىڭىزمۇ ؟

**إبراهيم : نعم ،حفظتها وحفظت سور ة التين أيضا .**

ئىبراھىم: ھەئە ، يادلىدىم (سۈرە تىين) نىمۇ يادلىدىم .

## بۇ دەرستىكى گىراماتىكىلىق قائىدىلەر:

### 1- مەزمۇن: ئۆتۈملۈك پېئىل ۋە ئۆتۈمسىز پېئىل توغرىسىدا

ئۆتۈملۈك پېئىل ـــ پائىلدىن ئۆتۈپ تولدۇرغۇچى (مفعول به) تەلەپ قىلىدىغان پېئىلدىن ئىبارەت. مەسىلەن:

حَفِظْتُ سُوْرَةَ التِّيْنِ (مەن سۈرە تىننى يادلىدىم)

دېگەنگە ئوخشاش.

ئۆتۈمسىز پېئىل ـــ پائىل بىلەنلا تونۇق مەنە ئوقتۇرىدىغان پېئىلدىن ئىبارەت. مەسىلەن:

خَرَجَ الطُّلَّابُ الْجُدُدُ (يېڭى ئوقۇغۇچىلار چىقتى)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 2- مەزمۇن: ئىسىملىق جۈملە ۋە پېئىللىق جۈملە توغرىسىدا

ئىسىملىق جۈملە ـــ ئىسىم بىلەن باشلانغان جۈملە بولۇپ، ئىگە (مبتدأ) ۋە خەۋەر (خبر)دىن تەركىب تاپىدۇ.

بۇنىڭدا ئىگىنىڭ خەۋىرى ئۈچ خىل بولىدۇ، ئۇلار:

1) ئىسىملىق جۈملە بولىدۇ. خۇددى ئىلگىرىكى دەرسلەردە ئۆگىنىپ ئۆتكىنىمىزدەك.

مەسىلەن:

حَمْزَةُ مَا لُغَتُهُ (ھەمزە، ئۇنىڭ تىلى نېمە)

ئىسىملىق جۈملە

2) پېئىللىق جۈملە بولىدۇ. مەسىلەن:

أَنَا فَتَحْتُهُ (مەن ئۇنى ئاچتىم)

پېئىللىق جۈملە

3) ئالدى قوشۇمچىلىق تولۇقسىز سۆز بىرىكمىسى ۋە رەۋىش بولىدۇ. مەسىلەن:

هِيَ تَحْتَ الْمَكْتَبِ (ئۇ ئۇستەلنىڭ ئاستىدا)

أَنَا مِنَ الصِّيْنِ (مەن جۇڭگودىن)

(ئەسكەرتىش: ئەگەر خەۋەر ئىسىملىق جۈملە ياكى پېئىللىق جۈملە بولسا، چوقۇم ئۇنىڭدا ئىگىگە قايتىدىغان ئالماش بولۇشى كېرەك).

پېئىللىق جۈملە ـــ پېئىل بىلەن باشلانغان جۈملىدىن ئىبارەت.

ئۇ ئادەتتە پېئىل، پائىل (پېئىل ئىگىسى) ۋە تولدۇرغۇچىدىن تەركىب تاپىدۇ. مەسىلەن:

حَفِظْتُ سُوْرَةَ التِّيْنِ

پېئىل پائىل تولدۇرغۇچى

پېئىل ـــ ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ئىش-ھەرىكىتىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمىدىن ئىبارەت.

پئىل ئىگىسى ( الفاعل )ـــ ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئورۇندىغۇچىسىنىڭ ئىسمىدىن ئىبارەت. پئىل ئىگىسى ( الفاعل ) دائىم پەش ئۇقۇلىدۇ . ئۇ ئاشكارە پەش ئوقۇلمىسا ئورۇن جەھەتتىن پەش ئوقىلىدۇ.

تولدۇرغۇچى (مَفْعُولٌ بِهِ) ـــ جۈملە مەزمۇننى تولۇقلاپ كېلىدىغان ئىش-ھەرىكەت ئوبيېكتىنىڭ ئىسمىدىن ئىبارەت. تولدۇرغۇچى (مَفْعُولٌ بِهِ)دائىم زەبەرلىك ئۇقۇلىدۇ . ئۇ ئاشكارە زەبەرلىك ئوقۇلمىسا ئورۇن جەھەتتىن زەبەرلىك ئوقىلىدۇ.

تولدۇرغۇچىنى تەرجىمە قىلغاندا «... نى» قوشۇمچىسىنى قوشۇپ تەرجىمە قىلىمىز. مەسىلەن:

حَفِظَ حَامِدٌ الدَّرْسَ     (هامىد دەرسنى يادلىدى)
تولدۇرغۇچى

دېگەنگە ئوخشاش.

### 3- مەزمۇن: پائىل توغرىسىدا

1) پېئىل ئىگىسى ( الفاعل ) ئاشكارا ئىسىم بولسا، پېئىل دائىم بىرلىك ساندا كېلىدۇ. مەسىلەن:

ذَهَبَ الطَّالِبُ إِلَى الْمَلْعَبِ (ئوقۇغۇچى مەيدانغا كەتتى)

ذَهَبَ الطَّالِبَانِ إِلَى الْمَلْعَبِ (ئىككى ئوقۇغۇچى مەيدانغا كەتتى)

ذَهَبَ الطُّلاّبُ إِلَى الْمَلْعَبِ (ئوقۇغۇچىلار مەيدانغا كەتتى)

دېگەنگە ئوخشاش.

2) پېئىل ئىگىسى ( الفاعل )يوشۇرۇن ئىسىم (يەنى ئالماش) بولسا، پېئىل پېئىل ئىگىسى ( الفاعل ) بىلەن ماس ساندا (بىرلىكتە بىرلىك، ئىككىلىكتە ئىككىلىك، كۆپلۈكتە كۆپلۈك) كېلىدۇ. مەسىلەن:

الطَّالِبُ ذَهَبَ إِلَى الْمَلْعَبِ

الطَّالِبَانِ ذَهَبَا إِلَى الْمَلْعَبِ

الطُّلاّبُ ذَهَبُوْ إِلَى الْمَلْعَبِ

دېگەنگە ئوخشاش

### تمارين

**1ـ أجب عن الأسئلة الآتية:(تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭ)**

**(1)أين ذهب الطلاب الجدد؟**

**(2)أفهم طلحة الدرس؟**

**(3)أي سورة حفظ إبراهيم؟**

**(4)من فتح النوافذ؟**

**2ـضع هذه العلامة (✔) أمام الجمل الصحيحة، وهذه العلامة ( ✖ ) أمام الجمل التي ليست صحيحة (توغرا بولغان جۈملىنىڭ ئالدىدا**

بۇ(✔) بەلگىنى، توغرا بولمىغان جۈملىنىڭ ئالدىدا بۇ( ✖ )بەلگىنى قويۇڭ)

(1)فتح عليٌّ الفصل.
(2)ما رجع ذكريا وحمزة وعثمان من مكة.
(3)ما كتب فيصل الأجوبة لأنه ما فهم الأسئلة.
(4)ما كتب فيصل الأجوبة لأنّ قلمه مكسور.

3ـ تأمل ما يلي(تۆۋەندىكىلەرنى مۇلاھىزە قىلىڭ)

القرآنُ: قَرَأَ الطالبُ القرآنَ. القهوةُ: شَرِبَ الضَيْفُ القهوةَ.

الدرسُ: كَتَبَ المدرسُ الدرسَ. الباب: فَتَحَتْ آمنةُ البابَ.

قَـرَأَ الطالبُ القرآنَ

الفعل الفاعِلُ المفعولُ بِهِ

4ـ عَيِّن الفاعل والمفعول به في الجمل الآتية. ضع خطًّا واحداً تحت الفاعل وخطّين تحت المفعول به: واشكل آخرَ كل منهما:(تۆۋەندىكى جۈملىلەردە پېئىل ئىگىسى( الفاعل ) بىلەن تولدۇرغۇچى(المفعول به)نى ئايرىڭ. پېئىل ئىگىسىنىڭ ئاستىغا بىر سىزىق ۋە تولدۇرغۇچىنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق سىزىڭ ھەمدە ئۇ ئىككىسىنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئاخىرىغا تاۋۇش بەلگىسىنى قويۇڭ.

(1) كَسَرَ الطفل القلم.

(2) غَسَلَتْ آمنة المنديل.

(3) أَكَلَ أسامة العِنَب وأكلت زوجته المَوْز.

(4) شَرِبَت البقرة الماءَ.

(5) حَفِظَ حمزة القرآن.

(6) ضَرَبَتْ فاطمة بنتها.

(7) قَتَلَ الرجل الحَيّة بالحَجَر.

(8) سَمِعَ بلال الأذان وذهب إلى المسجد.

(9) كَتَبَ المدرس الدرس على السَّبُّورة.

(10)فَتَحَ البَقَّال الدُّكَّان في الساعة الثامنة

5ـ أكمل الجمل الآتية بكلمات مناسبة واضبطها بالشكل:( تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى مۇناسىپ سۆزلەر بىلەن تولۇقلاپ ھەمدە ئۇلارنىڭ شەكلىگە تاۋۇش بەلگىسىنى قويۇڭ)

(1)من فتح..............................؟
(2)غسلت أختي.........................................
(3)..........................الرجل الحيّة بالعَصا.

(4) ....................يوسف القهوة.

(5) كتب المدرس......................على السبّورة.

(6) .................................سُعاد الخُبْزَ.

(7) قرأتُ.............................................

(8)أ.................................الأذان ياحمزة؟

(9) ..............................التاجر الدكان.،

(10) ..............................الطلاب من الفصل.

6 ـ اجعل كلا من الكلمات الآتية مفعولا به واضبط آخره: (تۆۋەندىكى سۆزلەردىن ھەربىرنى تولدۇرغۇچى قىلىك ھەمدە ئۇلارنىڭ ئاخىرىغا تاۋۇش بەلگىسىنى قويۇڭ)

القرآنُ.............................. القهوةُ..............................

التفاحُ.............................. البابُ..............................

الدرسُ.............................. القميصُ..............................

7ـ تأمل المثالين الآتيين: (تۆۋەندىكى ئىككى مىسالنى ئوقۇڭ)

(1) الطلاب ذَهَبُوا إلى الملعب. (2)الطالبات ذَهَبْنَ إلى المكتبة.

ذَهَبَ الطلابُ إلى الملعب. ذَهَبَتْ الطالبات إلى المكتبة.

8ـ قدم الفعل في الجمل الآتية كما هو موضح في المثال: (مىسالدا كۆرسىتىلگەندەكدەك تۆۋەندىكى جۈملىلەردە پېئىلنى جۈملىنىڭ بېشىدا كەلتۈرۈڭ)

الأولاد شَرِبُوا القهوة. شَرِبَ الأولاد القهوة.

الناس سَمِعُوا الأذان. ........................................

الطلاب كتبوا الأجْوِبَة. ........................................

الطالبات دَخَلْنَ الفصل. ........................................

المدرسون خرجوا من الفصول ........................................

زملائي رجعوا من مكة. ........................................

أخواتي غَسَلْنَ القُمْصَان. ........................................

التّجار فتحوا الدكاكين. ........................................

الطبيبات ذهَبْنَ إلى المستشفى. ........................................

الطلاب فَهِمُوا الدرس. ........................................

9ـ تأمل الأمثلة الآتية: (تۆۋەندىكى مىساللارنى مۇلاھىزە قىلىڭ)

(1) خرج الطلاب وذهبوا.

(2) قرأ الطلاب وكتبوا.

(3) أكل الناس وشربوا.

كوّن جملا مثل هذه مستعملا الفعلين الواردين في كل تمرين ومستعينا بالكلمات التي بين القوسين( ئىككى تىرناق ئارىسىدىكى سۆزلەرنى ئىشلىتىپ ۋە ھەربىر مەشىقتە كەلگەن ئىككى پېئىلنى قوللىنىپ، يۇقارقىغا ئوخشاش جۈملىلەرنى شەكىللەندۈرۈڭ)

دَخَلَ/ جَلَسَ.............. (الطلاب / الفصل)

ضَرَبَ/ قَتَلَ................. (الأولاد / الحية)

قَرَأَ/ فَهِمَ.................. (الطلاب / الدرس)

سَمِعَ/ ذَهَبَ.............. (الناس / الأذان / المسجد)

10ـ كون جملا مستعملا الكلمات الآتية (تۆۋەندىكى سۆزلەرنى قوللىنىپ جۈملىلەرنى شەكىللەندۈرۈڭ)

أكل ـ غسل ـ قرأ ـ كتب ـ ضرب ـ قتل ـ دخل ـ خرج ـ حفظ ـ شرب ـ فهم ـ سمع.

11ـتأمل ما يلي: (تۆۋەندىكىلەرنى مۇلاھىزە قىلىڭ)

من فتح البابَ؟ أنا فَتَحْتُهُ. (فَتَحْتُ+ هُ).

من فتح النوافذ؟ أنا فَتَحْتُهَا. (فَتَحْتُ+ هَا).

الكلمات الجديدة

العِنَبُ-ئۈزۈم المَوْزُ-بانان التِّينُ-ئەنجۈر الفَجْرُ-سۈبھى

جَوَابٌ ج أَجْوِبَةٌ-جاۋاب سُؤَالٌ (أَسْئِلَةٌ)- سۇئال البَقَّالُ- باققال العَصَا-هاسا

حَيَّةٌ ج حَيَّاتٌ-يىلان سَمِعَ-ئاڭلىدى فَهِمَ-چۈشەندى شَرِبَ-ئىچتى

## (6) الدَرْسُ السادِسُ

**الأم : متى رجعت من المدرسة يا بني؟**

ئانىسى : ئى بالام! مەكتەپتىن قاچان قايتتىڭىز ؟

**سعيد : رجعت قبل نصف ساعة .**

سەئىد : يېرىم سائەت ئىلگىرى قايتتىم .

**الأم :أين أختك مريم ؟ أما رجعت ؟**

ئانىسى : قىز قېرىندىشىڭىز مەريەم قەيەردە ؟ ئۇ قايتمىدىمۇ ؟

**سعيد : لا أدري , أنا مارأيتها .**

سەئىد : بىلمەيمەن ، مەن ئۇنى كۆرمىدىم .

**الأم : ماذا قرأت اليوم ؟**

ئانىسى : سەن بۈگۈن نىمە ئوقۇدۇڭ؟

**سعيد : قرأت اليوم درسا جديدا فى الفقه .**

سەئىد : مەن بۈگۈن فىقھى توغرىسىدا يېڭى دەرس ئوقۇدۇم .

**الأم :أفهمته ؟**

ئانىسى : ئۇنى چۈشەندىڭمۇ ؟

**سعيد : نعم فهمته جيدا .**

سەئىد : ھەئە ئۇنى بەك ياخشى چۈشەندىم .

**الأم : أما قرأت القرآن اليوم ؟**

ئانىسى : سەن بۈگۈن قۇرئان ئوقۇمىدىڭمۇ ؟

**سعيد : بلى . قرأت سورة الراحمن وحفظتها .ففرح المدرس بي كثيرا .**

**وقال : إنك أحسن طالب فى الفصل .**

سەئىد : شۇنداق ، مەن رەھمان سۇرىسىنى ئوقۇپ ئۇنى يادلىدىم .

ئۇستاز مەندىن بەك خۇرسەن بولدى ، ئۇ مېنى سەن سىنىپتىكى ئەڭ ياخشى ئوقۇغۇچى دىدى .

**الأم : ماشاء الله ! زادك الله علما يا بني .**

ئانىسى : الله خالىغان ئىش چوقۇم بولىدۇ!!! ئى بالام! ئاللاھ ئىلمىڭنى زىيادە قىلىپ بەرسۇن .

**سعيد : أغسلت قمصاني يا أمي ؟**

سەئىد : ئى ئانا! كۆينەكلىرىمنى يۇدىڭىزمۇ ؟

**الأم : نعم , غسلتها وكويتها ...خذ هذا القميص .**

ئانىسى : ھەئە ، يۇيۇپ دەزماللاپ قويدۇم .... بۇكۆينەكنى ئال .

**سعيد : هاتي ذاك يا أمي .ذالك أجمل من هذا .**

سەئىد : ئى ئانا! ئاۋۇ كۆينەكنى ئەكىلىڭ ، ئاۋۇ كۆينەك بۇنىڭدىن چىرايلىقراق .

**( تدخل مريم )**

( مەريەم كىرىدۇ )

**مريم : السلام عليكم كيف حالك يا أمي ؟ وكيف حالك يا أخي ؟**

مەريەم : سىلەرگە اللەنىڭ سالىمى بولسۇن.. ئى ئانا! قانداق ئەھۋالىڭىز ؟ ئى قېرىندىشىم! سىنىڭ ئەھۋالىڭ قانداق ؟

**الأم: وعليكم السلام ، أهلا يا بنتي . متى خرجت من المدرسة ؟**

ئانىسى : سىلەرگىمۇ اللەنىڭ سالىمى بولسۇن.. ئى قىزىم! خۇش كەپسىز. مەكتەپتىن قاچان چىقتىڭىز .

**مريم : خرجت بعد صلاة الظهر .**

مەريەم : پىشىن نامىزىدىن كىيىن چىقتىم .

**الأم : أين زميلاتك آمنة وفاطمة وسعاد ؟**

ئانىسى : ساۋاقداشلىرىڭىز ئامىنە فاتىمە ۋە سۇئادلار قەيەردە ؟

**مريم : أنا مارأيتهن بعد الصلاة .**

مەريەم : مەن ئۇلارنى نامازدىن كېيىن كۆرمىدىم .

**الأم : يابنتي أخوك حفظ سورة الرحمن . أي سورة حفظت أنت ؟**

ئانىسى : ئى قىزىم! قېرىندىشىڭىز سۈرە رەھمانىنى يادلىۋاپتۇ . سىز قايسى سۈرىنى يادلىدىڭىز ؟

**مريم : أنا حفظت سورة الحديد , وهي أطول من سورة الرحمن , وكذالك حفظت ست عشرة آية من سورة النبأ .**

مەريەم : مەن (سۈرە ھەدىيد) نى يادلىدىم ، ئۇ سۈرە رەھماندىن ئۇزۇنراق . ۋە سۈرە ( نبأ ) دىنمۇ ئون ئالتە ئايەت يادلىدىم .

**الأم : ماشاء الله ! إنك طالبة مجتهدة .أنا مسرورة بك ...أذهبت إلى المكتبة اليوم ؟**

ئانىسى: الله خالىغان ئىش چوقۇم بولىدۇ!!! سىز تىرىشچان ئوقۇغۇچى، مەن سىزدىن خۇشال .... بۈگۈن كۇتۇپخانىغا باردىڭىزمۇ ؟

**مريم : نعم , ذهبت .**

مەريەم : ھەئە ، باردىم .

**الأم : ماذا قرأت هناك ؟**

ئانىسى : ئاشۇ يەردە نىمە ئوقۇدىڭىز ؟

**مريم : قرأت مجلة من باكستان اسمها ( الإسلام ).**

| أنتَ نِمْتَ | أنتم نِمْتُمْ |
| أنتِ نِمْتِ | أنتنّ نِمْتُنَّ |
| أنا نِمْتُ | نحن نِمْنَا |

27 ـأسْنِدْ (خَافَ) و (كَادَ) إلى الضمائر كما في التمرين السابق.
(ئىلگىرىكى مەشىقتە كۆرسىتىلگەندەك (خَافَ) و (كَادَ) دىگەن پېئىللارنى ئالماشقا قوشۇڭ)

28 ـاقرأ ما يلي: (تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇڭ)
(1)نام أخي في الساعة العاشرة، وأنا نِمت بعده بقليل.
(2)متى نِمْتنّ البارحة يا أخواتي؟ـ نمنا بعد مُنْتَصَفِ اللَّيْل.
(3)خِفْتُ البَرْدَ فلم أخرج من البيت اليوم.
(4)لَمّا سمعت هذا الخبر كِدْتُ أبكِي.
(5)أدفترُكَ هذا؟ ظَنَنْتُه دفتري وكِدْت أكتب عليه اسمي.
(6)أنامَت البنات؟ـ نعم. نِمْنَ قبل قليل.
(7)نِمت البارحةَ مبكّراً.

29 ـتأمل ما يلي: (تۆۋەندىكىلەرنى مۇلاھىزە قىلىڭ)

| | |
|---|---|
| حامد يَنَامُ | الأولاد يَنَامُونَ |
| آمنة تَنَامُ | البنات يَنَمْنَ |
| أنتَ تَنَامُ | أنتم تَنَامُونَ |
| أنتِ تَنَامِين | أنتنّ تَنَمْنَ |
| أنا أَنَامُ | نحن نَنَامُ |

30 ـأسْنِدْ (يخاف) و (يشاء) إلى الضمائر كما في التمرين السابق.
(ئىلگىرىكى مەشىقتە كۆرسىتىلگەندەك (يخاف) و (يشاء) دىگەن پېئىللارنى ئالماشقا قوشۇڭ)

31 ـاقرأ ما يلي: (تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇڭ)

(1)أخي الصغيرُ يَنام مبكِّرا، أما أنا فأنَام بعد مُنْتَصَفِ الليل.

(2)متى تَنَامِينَ يا خديجة؟ ـأنام في الساعة العاشرة والنِّصْفِ.

(3)أتَنَامُوْنَ بعد الغَدَاءِ يا إخوان؟ـ نعم، نَنام لِمُدَّة نِصْفِ ساعة.

(4)ألا تَخَافُ اللَّهَ يارجل؟ ـبلى، أخافه.

(5)قال الطالب الجديد للمدرّس :أين أجلس يا أستاذ؟ قال له المدرّس: اجلس حَيْثُ تَشاءُ.

6قال اللّه تعالى في القرآن الكريم: { لِلَّهِ مُلْكُ السَّماوَاتِ وَالأَرْضِ يَخْلُقُ مَا يَشَاءُ }.

(7) هو يَخَافُنِي.

32 ـتأمل ما يلي: (تۆۋەندىكىلەرنى مۇلاھىزە قىلىڭ)

يَنَاْمُ : لَمْ يَنَاْمْ ـ لم يَنَمْ ( لا يلتقي ساكنان )

تَنَاْمُ : الأمر :نَاْمْ ـ نَمْ.

تَنَاْمُ : لا تَنَاْمْ ـ لا تَنَمْ.

33 ـاقرأ ما يلي: (تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇڭ)

(1) نَامَ زُمَلائي ولم أَنَمْ. (2) لا تَنَمْ في الفصل يا أحمد.

(3) خَفْ ربّك. (4) لا تَخَفْ. سيكونُ الامتحانُ سَهْلاً.

(5)يا عثمان، أنت نَعْسَانُ .أَلَمْ تَنَمْ بالليل؟ـ بلى، نِمْت. ولكن نِمْت ساعةً فقط.

34 ـاقرأ الكلمات الآتية واكتبها مع ضبط الحرف الأول:(تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئوقۇڭ ئاندىن بىرىنجى ھەرپىنىڭ تاۋۇش بەلگىسىنى قويۇپ يېزىڭ)

قل. بع. زر. ذق. خف. قم. نم. صم. سر .كن.

قَاْلَ/ يَقُوْلُ (ا/ و) : أنت قُلْتَ. أنا قُلْتُ. (ـُ) الأمر: قُلْ

بَاْعَ/ يَبِيْعُ (ا/ ي) : أنت بِعْتَ. أنا بِعْتُ. (ـِ) الأمر: بِعْ

نَامَ/ يَنَاْمُ (ا / ا) : أنت نِمْتَ. أنا نِمْتُ. (ـِ) الأمر: نَمْ

الكلمات الجديدة:

كَامِلٌ ـكامىل صُدَاعٌ ـيۆتەل مَشْغُولٌـ مەشغۇل بولماق ذُو القَعْدَةِـ11ـئاي (ھىجرىيە) المِلْحُ ـتۇز الزَّيْتُـياغ الجُبْنُـ پىشلاق الدَّقِيقُـئۇن العَدَسُ ـپۇرچاق البَقَّالُـباققال بَيْضَةٌ (ج بَيْضٌ ) ـتۇخۇم الغَابَةُـئورمانلىق القِطَارُ ـپويىز البُخَارُـھور الفَاكِهَانِيُّ ـمېۋە ساتقۇچى الغَدَاءُـئەتتىگەنلىك تاماق مُنْتَصَفُ اللَّيْلِـيېرىم كېچە حَيْثُـشۇ يەردە يَنْبَغِيَـ لايىق بولىدۇ لا يَنْبَغِيـلايىق بولمايدۇ غَلَبَ (يَغْلِبُ) ـغەلبە قىلدى كَذَبَ (يَكْذِبُ)ـيالغان سۆزلىدى

## (28)الدَرْسُ الثَامِنُ وَالعِشْرُونَ

**إبراهيم : ماذا تفعلين يابنتي ؟**

ئبراهىم : ئى قىزىم! نىمە قىلىۋاتىسىز ؟

**سعاد : أكوي الثياب التي غسلناها أمس .**

سۇئاد : مەن تۈنۈگۈن بىز يۇغان كىيىملەرگە دەزمال سىلىۋاتىمەن .

**إبراهيم :أكويت القميص الأبيض ؟**

ئبراهىم : ئاق كۆينەككە دەزمال سالدىڭىزمۇ ؟

**سعاد :نعم ، كويته .**

سۇئاد : شۇنداق ، ئۇنىڭغا دەزمال سالدىم .

**إبراهيم : والقميص الأخضر ؟**

ئبراهىم : يېشىل كۆينەكچۇ ؟

**سعاد :لا ، لم أكوه بعد . سأكويه الآن إن شاء الله.**

سۇئاد : ياق ، ئۇنىڭغا سالمىدىم . ئۇنىڭغا هازىر سالىمەن ئاللاھ خالىسا .

**إبراهيم :.والمناديل أكويتها ؟**

ئىبراهىم : سىز قولياغلىقلارغا دەزمال سالدىڭىزمۇ ؟

**سعاد : أمي كوتْها في الصباح .أتريدين أن تقولي لي شيئا .**

سۇئاد: ئانام ئۇنى ئەتتىگەن دەزماللىغانتى. سىز ماڭا بىر نەرسە دەيدىغاندەك قىلىسىزغۇ ؟

**سعاد : نعم ، إن زميلتي سلوى دعتني إلى بيتها هذا المساء فأرجوا أن تسمح لي بالذهاب إلى بيتها بعد صلاة العصر .**

سۇئاد : شۇنداق ، ساۋاقدىشىم سەلما بۈگۈن كەچ ئۆيىگە چاقىرغانتى سىزنىڭ ماڭا ئەسىر نامىزىدىن كىيىن ئۇنىڭ

ئۆيگە بېرىشقا روخسەت قىلىشىڭىزنى ئۈمىت قىلىمەن .

**إبراهيم : اذهبي وارجعي بعد صلاةالمغرب .**

ئىبراھىم : بېرىپ شام نامىزىدىن كېيىن قايتىڭ .

**آمنة : يا أبا محمد ، تعال هنا وانظر. إن محمدا يجرى على السلم .أخشى أن يقع .**

ئامىنە : ئى مۇھەممەد نىڭ دادىسى ، بۇيەرگە كېلىپ قاراڭ . مۇھەممەد شوتا ئۈستىدە مېڭىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ چۈشۈپ كېتىشتىن قورقىۋاتىمەن .

**إبراهيم : لاتجري يا محمد .تعال هنا . ماهذا بيمينك ؟ أرني .... إرم هذا . هذا تراب .**

ئىبراھىم : ئى مۇھەممەد! ماڭمىغىن بۇ يەرگە كەل . سىنىڭ ئوڭ قولۇڭدىكى بۇ نىمە ؟ ماڭا كورسەتكىن .......بۇنى تاشلىۋەت . بۇ توپا .

**( يدخل محمد )**

مۇھەممەد كىرىدۇ .

**محمد :السلام عليكم .**

مۇھەممەد : السلام عليكم .

**إبراهيم : وعليكم السلام . جئتَ اليوم متأخرا يا محمد. فما السبب ؟**

ئىبراھىم : وعليكم السلام. ئى مۇھەممەد! سەن بۈگۈن كېچىكىپ كەلدىڭ. سەۋەبى نىمە؟

**محمد : شكوتُ اليوم أحدَ زملائى إلى المدير . فطلبنا إلى مكتبه للتحقيق .**

مۇھەممەد : مەن بۈگۈن ساۋاقداشلىرىمنىڭ بىرىنى مۇدىرغا شىكايەت قىلدىم . مۇدىر تەكشۈرۈش ئۈچۈن بىزنى ئىشخانىسىغا چاقىردى .

**إبراهيم: لم شكوته ؟**

ئىبراھىم : نىمە ئۈچۈن ئۇنى شىكايەت قىلدىڭ؟

**محمد : لأنه دائما يأخذ كتبي ودفاتري و يطوي أوراقها .**

مۇھەممەد : چۈنكى ئۇ دائىم مىنىڭ كىتاب دەپتەرلىرىمنى ئېلىپ ئۇنىڭ ۋاراقلىرىنى قاتلىۋېتىدۇ .

**إبراهيم . ما هذه الحلاوي التي معك ؟ أهدية هذه أم آشتريتها ؟**

ئىبراھىم : سەندىكى بۇ تاتلىق تۈرملەر نىمە ؟ بۇ ھەدىيە مۇ ياكى ئۆزۈڭ سېتىۋالدىڭمۇ ؟

**محمد : اشتريتها لأنني أريد أن أدعو ثلاثة من زملائي إلى بيتنا غدا .**

مۇھەممەد : مەن ئۇنى سېتىۋالدىم چۈنكى مەن ئەتە بىزنىڭ ئۆيىمىزگە ساۋاقداشلىرىمدىن ئۈچىنى چاقىرماقچى بولۇۋاتىمەن .

**إبراهم : أدعهم لتناول العشاء بعد غد ، فسيكون عمك موسى أيضا معنا إن شاءالله .**

ئىبراھىم : سەن ئۇلارنى ئۆگۈنلۈككە كەچلىك تاماققا چاقىرغىن ، ئاللاھ خالىسا تاغاڭ مۇسامۇ بىز بىلەن بىرگە بولىدۇ .

## بۇ دەرستىكى گىراممانىكىلىق قائىدىلەر:

### 1- مەزمۇن: ناقىس (ناقص) پېئىللار توغرىسىدا

ناقىس پېئىل — پېئىلنىڭ ئۆلچىمى بولغان «فَعَلَ»دىكى «ل»نىڭ ئورنىدا كېسەل ھەرپ بولغان پېئىلدىن ئىبارەت بۇ پېئىللارمۇ ئۈچ خىل ئۆلچەمدە كېلىدۇ، ئۇلار:

1) فَعَلَ / يَفْعِلُ: كَوَى / يَكْوِيْ (دەزماللىدى / دەزماللايدۇ)

2) فَعَلَ / يَفْعُلُ: شَكَا / يَشْكُوْ (شىكايەت قىلدى / شىكايەت قىلىدۇ)

3) فَعِلَ / يَفْعَلُ: نَسِيَ / يَنْسَى (ئۇنتۇدى / ئۇنتۇيدۇ)

### 2- مەزمۇن: ناقىس پېئىللارغا ئائىت گىراممانىكىلىق قائىدىلەر

1) ناقىس پېئىللارنىڭ جەزملىك (ئاخىرى سۈكۇنلۇق) ئوقۇلغان شەكلىدە، بۇيرۇق پېئىل شەكلىدە ۋە ئاياللىقنىڭ بەلگىسى بولغان سۈكۇن-لۇق «ت» ئۇلانغان ئۈچىنچى شەخس ئۆتكەن زامان شەكلىدە ئاخىرىدىكى كېسەل ھەرپ چۈشۈپ كېتىدۇ. مەسىلەن:

يَبْكِيْ ← لَمْ يَبْكِ يَمْشِيْ ← لَمْ يَمْشِ (ماڭمىدى)

إِبْكِ (يىغلا) إِمْشِ (ماڭ)

بَكَى ← بَكَتْ (يىغلىدى) سَقَى ← سَقَتْ (سۇغاردى)

دېگەنگە ئوخشاش.

2) زىردىن كېيىن كەلگەن «ي» ۋە پەشتىن كېيىن كەلگەن «و»غا ھەرىكەت ئېغىر دەپ قارىلىپ ئۇلاردىكى ھەرىكەت ئېلىپ تاشلىنىدۇ. مەسىلەن:

يَجْرِيُ ← يَجْرِيْ (يۈگۈرىدۇ) يَرْمِيُ ← يَرْمِيْ (ئاتىدۇ)

يَدْعُوُ ← يَدْعُوْ (چاقىرىدۇ) يَمْحُوُ ← يَمْحُوْ (ئۆچۈرىدۇ)

دېگەنگە ئوخشاش.

## تمارين

**1ـ أجب عن الأسئلة الآتية: (تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭ):**

(1) ماذا تفعل سعاد؟

(2) من كوى المناديل؟

(3) ما اسم الزميلة التي دَعَتْ سعاد إلى بيتها؟

(4) أسمح لها أبوها بالذهاب إلى بيتها؟

(5) إلى من شكا محمود زميله؟

(6) لِمَ اشترى محمود الحلوى؟

**2 ـ هذه أمثلةٌ للفعل (المُعْتَلِّ اللاَمِ): (بۇ ناقىس پېئىللارنىڭ مىساللىرى)**

(أ) كَوَى/ يَكْوِي. مَشَى /يَمْشِي. جَرَ ى/ يَجْرِي. رَمَى/ يَرْمِي .بَكَى/ يَبْكِي.

(ب) دَعَا/ يَدْعُو. شَكَا /يَشْكُو. تَلَا/ يَتْلُو. مَحَا/ يَمْحُو .عَفَا/ يَعْفُو.

**3 ـ تأمل الأمثلة، ثم اكتب المضارعَ المرفوعَ والمضارعَ المجزومَ والأمر من الأفعال الآتية: (مىساللارنى مۇلاھىزە قىلىڭ ئاندىن تۆۋەندىكى پېئىللارنىڭ پەش ئوقۇلغان ۋە جەزىم ئوقۇلغان كېلىدىغان زامان(المضارع) شەكلىنى ۋە بۇيرۇق پېئىلىنى يېزىڭ)**

| الماضي | المضارع المرفوع | المضارع المجزوم | الأمر |
|---|---|---|---|
| بَكَى | يَبْكِي (أصله يَبْكِيُ) | لم يَبْكِ | اِبْكِ |
| مَشَى | يَمْشِي | لم يَمْشِ | اِمْشِ |
| كَوَى | يَكْوِي | لم يَكْوِ | اِكْوِ |
| جرى | ............ | ............ | ............ |
| رمى | ............ | ............ | ............ |
| بَنى | ............ | ............ | ............ |
| سَقَى | ............ | ............ | ............ |

(تُحْذَفُ لامُ الفعلِ المعتلِّ اللام لا المضارع المجزومِ وفي الأمر)

**4 ـ اقرأ ما يلي: (تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇڭ)**

(1) بَنَى إبراهيم عليه السلام الكعبةَ. (2) لماذا تجرى يا وُلَيْدُ؟

(3) لا تَرْمِ القُمامة في الشارع يا أخي. (4) اِسْقِنِي ماءً بارداً.

(5) لا تَبْنِ بيتك في هذه القرية. (6) لم يَأْتِ المدير اليوم.

(7) لماذا يَبْكِي الطفل يا آمنة؟ (8) اِجْرِ يا ولد.

(9)اِجْرى يا بنت.
(10) { اِهْدِنَا الصِّرَاطَ المُسْتَقِيْمَ }.
(11)لا تَمْشِ في الشمس.

(12)أكويت القمصان يا أمي؟ـ لا، لم أكوها بعدُ.

(13)يا أحمد اِكْوِ هذا القميص ولا تكو ذلك فإنَّه مُمَزَّقٌ.

(14)بكم اشتريت هذه الساعةَ الجميلة يا عبد الله؟ـ أنا لم أشترها .إنها هَدِيَّةٌ من خالي.

(15)لا تَشترِ هذه السيارة يا أحمد فإنها قديمة جداً.

(16)قال الله عزَّ وجلَّ في سورة الفيل: { أَلَمْ تَرَ كَيْفَ فَعَلَ رَبُّكَ بِأَصْحَابِ الفِيْلِ؟ }.

5 ـ تأمل المثال، ثم اكتب المضارع المرفوع والمضارع المجزوم والأمر من الأفعال الآتية: ( مسالنى مۇلاهىزه قىلىك ئاندىن تۆۋەندىكى پېئىللارنىڭ پەش ئوقۇلغان ۋە جەزىم ئوقۇلغان كېلىدىغان زامان(المضارع) شەكلىنى ۋە بۇيرۇق پېئىلنى يېزىڭ)

| الماضي | المضارع المرفوع | المضارع المجزوم | الأمر |
|---|---|---|---|
| دَعَا | يَدْعُو (أصله: يَدْعُوُ) | لَمْ يَدْعُ | أُدْعُ |
| شَكَا............. | ............. | ............. | ............. |
| تَلا............. | ............. | ............. | ............. |
| مَحَا............. | ............. | ............. | ............. |
| عَفَا............. | ............. | ............. | ............. |

6ـ اقرأ ما يلي: (تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇڭ)
(1)شَكاني زميلي إلى المدرس، وأنا شَكَوْته إلى المدير.
(2)تلا الإمام سورةَ الفيل في الركْعة الأولى وسورةَ الإخلاص في الركعة الثانية.
(3)أُتْلُ سورة الرحمن يا عليّ.
(4)دَعَوْتُ صَديقي إلى قريتي.
(5)لم يَشْكُنِي المديرُ إلى أبي.
(6)قال المدرس للطالب: عَفَوْت عَنْك.
(7)لِمَ تَمْحُو هذه الكلمةَ؟ هي صحيحةٌ . اُمْحُ التي بعدَها.
(8)أيَّ سورةٍ تَتْلِين يا أمّ كلْثُوم؟ـ أَتْلُو سورة لست.
(9)ندعو الله أن يَشْفِيَك.
(10)أشكوتني إلى المدير يا حمزة؟ ـلا، لم أَشْكُكَ.
(11)قال نوح عليه السلام: { ربِّ، إنِّي دَعَوْتُ قَوْمِي لَيْلا ونَهَاراً } كما جاء في سورة نُوح.
(12)قال الله تعالى سورة البَقَرة: { أولئكَ يَدْعُونَ إلى النَّار وَاللَّهُ يَدْعُو إلى الجَنَةِ...... }.
(13)وقال في سورة يونس: { وَاللَّه يَدْعُو إلى دَار السَّلام }.
(14)وقال في سورة القَصص: { ولا تَدْعُ مَعَ اللَّهِ إلهاً آخَرَ }.

7ـأَسْنِدْ الأفعال الآتية إلى الغائبة ثم المتكلَم كما هو موضح في المثال :( مسالدا كۆرستىلگەندەك تۆۋەندىكى پېئىللارنى ئۈچىنچى شەخس ئاياللىق بىرلىك ۋە بىرىنچى شەخس بىرلىك ئالمىشىغا قوشۇڭ)

حامد بَكَى آمنة بَكَتْ أنا بَكَيْتُ

حامد رَمَى.............. ..............

حامد أَتَى.............. ..............

حامد جَرَى.............. ..............

حامد كَوَى.............. ..............

حامد دَعَا آمنة دَعَتْ أنا دَعَوْتُ

حامد شكَا.............. ..............

حامد رَجَا.............. ..............

حامد تَلا.............. ..............

حامد مَحَا.............. ..............

("بَكَتْ " أصله: بَكَاْتْ. حُذِفَتْ الألفُ بِسَبَب التقاء الساكِنَيْن)

8ـأجب عن الأسئلة الآتية بالنفي مستعملا ( لم ): («لم » نى قوللىنىپ بولۇشسىز ھالەتتە تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭ)

(1)أبكى الطفل؟.............................................

(2)أكويت القميص؟.........................................

(3)أشكاك المدرس إلى المدير؟................................

(4)أدعوت زميلك إلى البيت؟................................

(5)أبنيت بيتا جديداً؟.......................................

(6)أمحوت اسمي من دفترك؟.................................

(7)أ أتى المدير؟.............................................

(8)أرميت القُمامة في مكانها؟..............................

(9)أرأيت علياً في الفصل؟..................................

9ـأَدْخِلْ ( لا الناهية) على الفعل الذي بين القوسين أمام كل جملة ثم أكمل به الجملة :(ھەربىر جۈملىنىڭ ئالدىدىكى ئىككى تىرناق ئارىسىدىكى پېئىلغا ( لا الناهية)نى كىرگۈزۈڭ ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن جۈملىنى تولۇقلاڭ)

(1) ..............ني إلى المدير يا أستاذ. (تَشْكُو)

(2) ..............المسجد في هذا الشارع. (تَبْنِي)

(3) ..............يا ولد. (تَبْكِي)

(4) ..............هذه الورقة يا أخي. (تَطْوِي)

(5) ..............في الشارع يا ولد. (تَجْرِي)

(6) ..............هذه الكلمة يا أحمد. (تَمْحُو)

(7) ..............مَعَ اللَّهِ إلهاً آخَرَ. (تدْعُو)

(8) ..............في الشمس يا محمد. (تَمْشِي)

10ـتأمل ما يلي: (تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇڭ)

نَسِيَ/ يَنْسَى لَمْ يَنْسَ اِنْسَ

خَشِيَ/ يَخْشَى لَمْ يَخْشَ اِخْشَ

بَقِيَ/ يَبْقَى لَمْ يَبْقَ اِبْقَ

**11ـ اقرأ ما يلي: (تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇڭ)**

(1)أَبَقِيَ من الطعام شيءٌ؟ ـ لا، لم يَبْقَ مِنْهُ شيءٌ.

(2)ذهبت أُمّي إلى مكة وبَقِيَتْ هناك شهرين.

(3)لا تَنْسَ ما قلت لك.

(4)نَسِيْتُ مَعْنَى هذه الكلمةِ.

(5)اِخْشَ اللّهَ ولا تَخْشَ أحداً غيرَه.

(6)أنا أَنْسَى كثيراً.

(7)ما حضر طلحةُ منذُ أُسْبُوعَيْن. أَخْشَى أن يكون مريضاً.

(8)قال النبيُّ ﷺ: يَتْبَعُ المَيِّتَ ثلاثةٌ : أَهْلُه ومَالُه وعَمَلُه .فَيَرْجِعُ اثْنَانِ ويَبْقَى واحدٌ.
يَرْجِعُ أَهْلُه ومَالُه ولَبْقَى عَمَلُهُ.

(حامدٌ مَشَى: آمنةُ مَشَتْ. حامدٌ نَسِيَ: آمنةُ نَسِيَتْ)

**12ـ إسْنادُ (مشى) إلى الضمائر:(« مشى » دېگەن پېئىلنىڭ ئالماشلارغا قوشۇلۇشى)**

| | |
|---|---|
| حامدٌ مَشَى | الأولاد مَشَوْا (أصله: مَشَيُوْا) |
| آمنة مَشَتْ (أصله: مَشَاْتْ) | البنات مَشَين |
| أنت مَشَيْتَ | أنتم مَشَيْتُمْ |
| أنتِ مَشَيْتِ | أنتنّ مَشَيْتُنَّ |
| أنا مَشَيْتُ | نحن مَشَيْنَا |

**13ـ إسناد (يَمْشِي) إلى الضمائر: («يَمْشِي » دېگەن پېئىلنىڭ ئالماشلارغا قوشۇلۇشى)**

| | |
|---|---|
| حامدٌ يَمْشِي | الأولاد يَمْشُونَ (أصله: يَمْشِيُوْنَ) |
| آمنة تَمْشِي | البنات يَمْشِينَ |
| أنتَ تَمْشِي | أنتم تَمْشُونَ (أصله: تَمْشِيُوْنَ) |
| أنتِ تَمْشِينَ (أصله :تَمْشِيِيْنَ) | (أنتن تَمْشِين |
| أنا أَمْشِي | نحن نَمْشِي |

**14ـ إسْنادُ فعِل الأمر من (مشى) إلى الضمائر: («مشى » دېگەن پېئىلنىڭ بۇيرۇق پېئىلنىڭ ئالماشلارغا قوشۇلۇشى)**

اِمْشِ يا حامد   اِمْشُوا يا أولاد   اِمْشِي يا آمنة   اِمْشِينَ يا بنات

**15ـ إسناد (نَسِيَ) إلى الضمائر: («نَسِيَ » دېگەن پېئىلنىڭ ئالماشلارغا قوشۇلۇشى)**

| | |
|---|---|
| حامدٌ نَسِيَ | الأولاد نَسُوا (أصله: نَسِيُوا) |
| آمنة نَسِيَتْ | البنات نَسِيْنَ |
| أنتَ نَسِيْتَ | أنتم نَسِيْتُمْ |
| أنتِ نَسِيْتِ | أنتنّ نَسِيْتُنَّ |
| أنا نَسِيْتُ | نحن نَسِيْنَا |

**16ـ إسناد (يَنْسَى) إلى الضمائر: («يَنْسَى » دېگەن پېئىلنىڭ ئالماشلارغا قوشۇلۇشى)**

| | |
|---|---|
| حامدٌ يَنْسَى | الأولاد يَنْسَوْنَ (أصله: يَنْسَيُونَ) |
| آمنة تَنْسَى | البنات يَنْسَين |
| أنتَ تَنْسَى | أنتم تَنْسَوْنَ (أصله: تَنْسَيُونَ) |
| أنتِ تَنْسَيْنَ (أصله :تَنْسَيِين | (أنتنّ تَنْسَين |
| أنا أَنْسَى | نحن نَنْسَى |

**17ـ إسناد فعل الأمر من (نَسِيَ) إلى الضمائر: («نَسِيَ » دېگەن پېئىلنىڭ بۇيرۇق پېئىلنىڭ ئالماشلارغا قوشۇلۇشى)**

اِنْسَ يا حامد   اِنْسَوْا يا أولاد   اِنْسَي يا آمنة   اِنْسَين يا بنات

18ـإسناد (دعا) إلى الضمائر: («دعا » دىگەن پىئىلنىڭ ئالماشلارغا قوشۇلۇشى)

حامدٌ دَعَا الأولاد            دَعَوْا (أصله: دَعَوُوا)

آمنة دَعَتْ (أصله: دَعَاتْ)            البنات دَعَوْنَ

أنتَ دَعَوْتَ            أنتم دَعَوْتُمْ

أنتِ دَعَوْتِ            أنتنّ دَعَوْتُنَّ

أنا دَعَوْتُ            نحن دَعَوْنَا

19ـإسناد (يَدْعُو) إلى الضمائر: (« يَدْعُو » دىگەن پىئىلنىڭ ئالماشلارغا قوشۇلۇشى)

حامدٌ يَدْعُو            الأولاد يَدْعُونَ (أصله: يَدْعُوُونَ)

آمنة تَدْعُو            البنات يَدْعُونَ

أنتَ تَدْعُو            أنتم تَدْعُونَ (أصله: تَدْعُوُونَ)

أنتِ تَدْعِينَ (أصله :تَدْعُوِينَ)            (أنتنّ تَدْعُونَ

أنا أَدْعُو            نحن نَدْعُو

20ـإسناد فعل الأمر من (دَعا) إلى الضمائر: («دَعا » دىگەن پىئىلنىڭ بۇيرۇق پىئىلنىڭ ئالماشلارغا قوشۇلۇشى)

أُدْعُ يا حامد      أُدْعُوا يا أولاد      أُدْعِي يا آمنة      أُدْعُونَ يا بنات

21ـ(أرني) يقول المدرس لكل طالب من الطلاب: يا فلان أَرني كذا (كتابَك/ ساعتَك/ قلمَك/ دفترك).

الكلمات الجديدة:

العَشَاءُـكەچقۇرۇن      اليَمِينُ ـئوڭ تەرەپ      اليَسَارُـسول تەرەپ

التَحْقِيقُـتەكشۇرۇش      تَنَاوَلَ ـئالدى      إلهٌ (آلِهَةٌ )ـئىلاھ

القُمَامَةُـئەخلەت  قَوْمٌـكىشىلەر  اللَّيْلُـكېچە  النَّهَارـ كۈندۈز  تُرابٌـتوپا  أَهْلٌـئەھلى  صَاحِبٌ (ج أَصْحَابٌ )

ـھەمرا  هَدَى (يَهْدِي) ـتوغرا يولغا باشلىدى  مُمَزَّقٌـپارچە ـپارچە بولماق  طَوَى (يَطْوِى) ـقاتلىدى أَتَى

(يَأْتِي) ـكەلدى  تَبِعَ (يَتْبَعُ)ـئەگەشتى  وَقَعَ (يَقَعُ)ـچۈشتى

## (29)الدَرْسُ التَاسِع وَالعِشْرُونَ

**المدرس : أحججت يا مسعود ؟**

ئوقۇتقۇچى : ئى مەسئۇد! ھەج قىلدىڭمۇ ؟

**مسعود : لا , يا أستاذ , حج زملائي كلهم ولكننى ماحججت . مرضت أيام الحج فبقيت هنا بالمدينة المنورة .**

مەسئۇد : ياق ، ئى ئۇستاز! مىنىڭ ھەممە ساۋاقداشلىرىم ھەج قىلدى ، بىراق مەن ھەج قىلمىدىم . ھەج كۈنلىرى كېسەل بولۇپ قېلىپ مۇشۇ يەردە مەدىنە مۇنەۋۋەردە قېلىپ قالدىم .

**المدرس : لاتحزن . ستحج فى العام المقبل إن شاء الله . تمر السنة بسرعة .**

ئوقۇتقۇچى :قايغۇرما. ئاللاھ خالىسا كېلەر يىلى ھەج قىلىسەن. بىر يىل تېزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ

**مسعود : أحججت أنت ياأستاذ ؟**

مەسئۇد : ئى ئۇستاز! سىز ھەج قىلدىڭىزمۇ ؟

**المدرس : لا , لم أحج هذا العام . ولكننى حججت قبل هذا خمس مرات ....أنا أشم رائحة كريهة . أما تشمون رائحة يا إخوان .**

ئوقۇتقۇچى : ياق ، مەن بۇ يىل ھەج قىلمىدىم .بىراق بۇنىڭدىن بۇرۇن بەش قېتىم ھەج قىلغان ........مەن سېسىق پۇراق پۇراۋاتىمەن . ئى قېرىنداشلار! سىلەر بىرەر پۇراق پۇرىمىدىڭلارمۇ ؟

**الطلاب : بلى نشمها .**

ئوقوغۇچىلار: شۇنداق، بىزمۇ سىسىق پۇراقنى پۇرىدۇق.

**المدرس : من أين هي ؟**

ئوقۇتقۇچى : ئۇ قەيەردىن كېلىۋاتىدۇ .

**عمرو : أظنها من الحمام .**

ئەمرى : مىنگچە ئۇ مۇنچىدىن كىلىۋاتىدۇ .

**عبد الله : نعم هي من الحمام . إن القمامة التى رماها أحد الناس سدت البالوعة .**

ئابدۇللاھ : شۇنداق ، ئۇ مۇنچىدىن كىلىۋاتىدۇ . كىشىلەرنىڭ بىرى تاشلاپ قويغان ئەخلەت ئەۋرەز يولىنى توسۇپ قوياپتۇ .

**المدرس : من الذي دفع السبورة إلى الخلف ؟ تعال ياسعد وجرها إلى الأمام .**

ئوقۇتقۇچى : دوسكىنى كەينىگە ئىتتىرىپ قويغان كىم ؟ ئى سەئىد! كىلىپ ئۇنى ئالدىغا تارتقىن .

**(سعيد يجر السبورة ) أنت جررتها كثيرا . ادفعها إلى الخلف قليلا . يكفى , أتركها الآن .**

(سەئىد دوسكىنى ئالدىغا تارتىۋاتىدۇ ) ئۇنى كۆپ تارتىۋەتتىڭ, كەينىگە ئازراق ئىتتىرگىن ، ئەمدى بولىدۇ ، ھازىر ئۇنى قويۇپ قويغىن .

**مسعود : أهذا هو الجزء الثاني من الكتاب . يا أستاذ ؟**

مەسئۇد : ئى ئۇستاز! بۇ كىتابنىڭ ئىككىنجى قىسمىمۇ ؟

**المدرس : نعم خذ هذا النسخ وعدها ......أعددتها ؟ كم هي ؟**

ئوقۇتقۇچى:ھەئە ، كىتابنىڭ بۇ نۇسخىسىنى ئېلىپ سانىغىن...ئۇنى ساندىڭمۇ ؟ ئۇ قانچە ئىكەن ؟

**مسعود : نعم , عددتها , هي خمسة وعشرون نسخة .**

مەسئۇد : ھەئە ، ئۇنى ساندىم ، ئۇ يىگىرمە بەش پارچە ئىكەن .

**المدرس : ندرس الآن حديثا . أكتبه على السبورة .**

ئوقۇتقۇچى : بىز ھازىر ھەدىس ئوقۇيمىز ، مەن ئۇنى دوسكىغا يازىمەن .

**فاكتبوه فى دفاتركم (يكتب ) عن أنس رضي الله عنه قال : مامسست ديباجا ولا حريرا ألين من كف رسول الله ــ صلى الله عليه وسلم ــ ولا شممت رائحة قط أطيب من رائحة رسول الله ــ صلى الله عليه وسلم ــ .........**

**(بعد هنيهة ) أكتبتم يا أبنائي ؟**

سىلەر ئۇنى دەپتىرىڭلارغا يېزىۋېلىڭلار (ئۇ يېزىۋاتىدۇ ) ئەنەس (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن ) دىن نەقلى قىلىشىچە ئۇ مۇنداق دەيدۇ، مەن پەيغەمبەر ــ صلى الله عليه وسلم-نىڭ ئالقىنىدىن يۇمشاقراق بىرەر يىپەكنى تۇتۇپ باقمىدىم ،

ۋە پەيغەمبەر_ صلى الله عليه وسلم _نىڭ پۇرىقىدىنمۇ خوش پۇراقراق بىرەر پۇراقنى پۇراپ باقمىدىم ....

(بىر ئاز ئۆتكەندىن كېيىن ) ئى باللىرىم! يېزىپ بولدۇڭلارمۇ ؟

**الطلاب : لما .**

ئوقۇغۇچىلار : ياق، تېخى يېزىپ بولالمىدۇق .

**المدرس : يا علي لاتظن أنني غافل عما تعمل . إنك لا تكتب الدرس . إنما تكتب الرسالة . أليس كذالك ؟ ردها في الحقيبة .**

ئوقۇتقۇچى : ئى ئەلى مىنى سەن قىلىۋاتقان ئىشتىن بىخەۋەر دەپ ئويلاپ قالمىغىن . سەن دەرسنى يازمايۋاتىسەن .پەقەت خەت يېزىۋاتىسەن . شۇنداق ئەمەسمۇ ؟ ئۇنى سومكاڭغا سال .

**علي : بلى هو كذالك .أنا آسف يا أستاذ , لن أعود لمثله أبدا إن شاء الله .**

ئەلى : ئۇ شۇنداق . مەن خىجىلمەن ئى ئۇستاز ، ئاللاھ خالىسا بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمەن .

## بۇ دەرستىكى گىرامماتىكىلىق قائىدىلەر:

### 1- مەزمۇن: مۇزائەف (مضاعف) پېئىللار توغرىسىدا

مۇزائەف پېئىل ـــ ئۈچ ھەرپلىك ۋە تۆت ھەرپلىك دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ.

بىز بۇ دەرسىمىزدە ئۈچ ھەرپلىك مۇزائەف پېئىللار توغرىسىدا توختىلىمىز.

ئۈچ ھەرپلىك مۇزائەف پېئىل ـــ پېئىلنىڭ ئۆلچىمى بولغان «فَعَلَ»دىكى «ع» بىلەن «ل»نىڭ ئۇدۇلدا ئىككى ھەرپ بىر جىنستىن كەلگەن پېئىلدىن ئىبارەت. مەسىلەن:

ظَنَّ / يَظُنُّ (گۇمانلاندى / گۇمانلىنىدۇ) جَرَّ / يَجُرُّ (سۆرىدى / سۆرەيدۇ)

مَرَّ / يَمُرُّ (ئۆتتى / ئۆتىدۇ) عَدَّ / يَعُدُّ (ساندى / سانايدۇ)

دېگەنگە ئوخشاش.

مۇزائەف پېئىللار ئىككى خىل ئۆلچەمدە كېلىدۇ، ئۇلار:

1) فَعَلَ / يَفْعُلُ: سَبَبَ / يَسْبُبُ ← سَبَّ / يَسُبُّ (تىللىدى)

2) فَعِلَ / يَفْعَلُ: شَمِمَ / يَشْمَمُ ← شَمَّ / يَشَمُّ (پۇرىدى)

دىگەنگە ئوخشاش.

### 2- مەزمۇن: ئىدغام توغرىسىدا

«حَجَّ»نىڭ ئەسلىسى «حَجَجَ» بولۇپ، ئىككى ھەرپ بىر جىنىستىن كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئىدغام قىلىپ شۇنداق ئوقۇلغان.

ئىدغامنىڭ شەرتى:

1) ئىككى ھەرپ بىر جىنىستىن كەلگەن بولۇش.

2) بۇ ئىككى ھەرپنىڭ بىرىنچىسى سۇكۇنلۇق، ئىككىنچىسى ھەرىكەتـلىك بولۇش.

دېمەك، مۇشۇ ئىككى شەرت تېپىلغاندا ئاندىن ئىدغام قىلغىلى بولىدۇ.

**بۇ ھەقتىكى باشقا قائىدىلەر:**

1) ئەگەر بىر جىنىستىن كەلگەن ئىككىلى ھەرپ ھەرىكەتلىك بولسا، لېكىن ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ سۇكۇنلۇق بولسا، بۇ ھالەتتە بىرىنچى ھەرپنىڭ ھەرىكىتى شۇ سۇكۇنلۇق ھەرپكە يۆتكەپ بېرىلىدۇ. مەسىلەن:

يَحْجُجُ ← يَحُجُّ يَظْنُنُ ← يَظُنُّ

دىگەنگە ئوخشاش.

2) ئەگەر بىر جىنىستىن كەلگەن ئىككىلى ھەرپ ھەرىكەتلىك، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى ھەرپمۇ ھەرىكەتلىك بولسا، بۇ ھالەتتە بىرىنچى ھەرپنىڭ ھەرىكىتى يەڭگىللىك يۈزىسىدىن تاشلىۋېتىلىدۇ. مەسىلەن:

حَجَجَ ← حَجَّ (ھەج قىلدى) ظَنَنَ ← ظَنَّ (گۇمانلاندى)

دىگەنگە ئوخشاش.

3) مۇزائەف پېئىللارغا ئاخىرىنى جەزملەك (سۇكۇنلۇق) ئوقۇتىدىغان قوشۇمچىلار كىرسە، ئۇ جەزملەك ئوقۇلۇشنىڭ ئورنىغا زەبەرلىك ئوقۇلىدۇ، ئەمما بىز ئۇنى يەنىلا ئورۇن جەھەتتىن جەزملەك ئوقۇلغان دەپ قارايمىز. مەسىلەن:

يَحُجُّ ← لَمْ يَحُجَّ تَجُرُّ ← لا تَجُرَّ (سۆرىمە)

دىگەنگە ئوخشاش.

4) مۇزائەف پېئىللارغا ھەرىكەتلىك قوشۇمچىلار ئۇلانسا، ئىدغام يېشىلىپ كېتىدۇ. مەسىلەن:

عَدَّ ← عَدَدْنَ عَدَدْتُ عَدَدْتَ عَدَدْتِ عَدَدْتُمْ عَدَدْتُنَّ عَدَدْنَا

دىگەنگە ئوخشاش.

### 3- مەزمۇن: «قَطُّ» ۋە «أَبَدًا»توغرىسىدا

«قَطُّ» ـــ پىشقا مەبنى بولغان رەۋىش بولۇپ، ئۆتكەن زامان پېئىلنى تەكىتلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ؛

«أَبَدًا» ـــ زەبەرگە مەبنى بولغان رەۋىش بولۇپ، كەلگۈسى زامان پېئىلنى تەكىتلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

مَا فَعَلْتُ هٰذَا قَطُّ (مەن بۇ ئىشنى قەتئىي قىلمىدىم)

لَنْ أَتْرُكَهَا أَبَدًا (مەن ئۇنى ھەرگىز تاشلىۋەتمەيمەن)

دىگەنگە ئوخشاش.

## تمارين

1ـأجب عن الأسئلة الآتية:(تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭ)
(1)لِمَ لَمْ يحجَّ مسعود هذا العام؟
(2)كم مرّةً حجّ المدرّس؟
(3)من أين جاءت الرائحة الكريهة؟
(4)لماذا خرجت الرائحة الكريهة من الحمام؟

2 ـهذه أمثلة للفعل (المُضعَّف):
حَجَّ (أصله: حَجَجَ)/ يُحُجُّ (أصله: يَحْجُجُ)
ظَنّ/ يَظُنُّ. جرّ/ يَجُرُّ .مَرّ/ يَمُرُّ. عَدّ/ يَعُدُّ. لسَبَّ /يَسُبُّ. رَدّ/ يَرُدُّ. صَبَّ/ يَصبُّ .سَدّ/ يَسُدُّ.
شَمَّ/ يَشَمُّ. مَسَّ/ يَمَسُّ) .شَمَّ أصله: شَمِمَ، يَشَمُّ أصله :يَشْمَمُ، وكذلك مسَّ.(

3ـاقرأ ما يلي: (تۆۋەندىكىلەرنى مۇلاھىزە قىلىڭ)
(1)حَجَّ أخي قبل ثلاثة أعْوامٍ، وأنا حَجَجْتُ هذا العام.
(2)أظُنُّكَ طالباً.
(3)أ أصُبُّ لك مَزيْداً من الشاي يا أخي؟ـ لا، وشُكْراً.
(4)لِمَ تَجُرِّيْنَ الحقيبة في التّراب يا فاطمة؟
(5)أعَدَدْتَ هذه الريالاتِ يا سعاد؟ـ نعم، عددتها. هي مائة ريال.
(6)لمّا دخلت البيت شَمِمْت رائحةً طَيِّبَةً.
(7)يَمُرُّ المدير على الفصول كلَّ صباح.

4ـأَسْنِدْ الأفعال الآتية إلى المتكلم كما هو موضح في المثال: ( مىسالدا كۆرسىتىلگەندەك تۆۋەندىكى پېئىللارنى بىرىنچى شەخس بىرلىك ئالمىشىغا قوشۇڭ)

| | | | |
|---|---|---|---|
| حامد ظَنَّ | أنا ظَنَنْتُ | حامد عَدَّ | ................ |
| حامد مَرَّ | ................ | حامد جَرَّ | ................ |
| حامد حَج | ................ | حامد رَدَّ | ................ |
| حامد شَقَّ | ................ | حامد شَمَّ | ................ |
| حامد صَبَّ | ................ | حامد مَسَّ | ................ |

5 ـتأمل المثال ثم صغ الأمر من الأفعال الآتية: ( مىسالنى مۇلاھىزە قىلىڭ ئاندىن تۆۋەندىكى پېئىللاردىن بۇيرۇق پېئىلى ياساڭ)
أنت تَجُرُّ (تَجُرْ) ـ جُرَ (جُرْ) ـ جُرَّ (لا يلتقي ساكنان)
تَمُرُّ ................ تَرُدُّ................

تَحُجُّ ................ تَظُنُّ................

تَصُبُّ ................ تَعد................

تَشَمُّ ................ تَمَسُّ................

6 ـ اقرأ ما يلي: (تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇڭ)

(1)جُرَّ هذا المكتب (2) .صُبَّ القهوة للضيوف.

(3)عُدَّ هذه الكتب (4) .شَمَّ هذه الزَهْرة.

7ـ تأمل ما يلي: (تۆۋەندىكىلەرنى مۇلاھىزە قىلىڭ)

يَحُجُّ: لَمْ يَحُج (لم يَحُجْجْ) ـ لم يَحُجَّ. (لا يلتقي ساكنانِ في اللغة العربية)

تَجُرُ: لا تَجُرْ (لا تَجُرْرْ) ـ لا تَجُرَ.

8 ـ أجب عن الأسئلة الآتية بالنفي مستعملا (لَمْ): ((لَمْ) نى قوللىنىپ بولۇشسىز ھالەتتە تۆۋەندىكى سۇئاللارغا جاۋاب بېرىڭ)

(1)أحَجَجْتَ؟ لا، لم أَحُجَ.

(2)أعددتِ هذه الكتب يا بنتي؟..............................

(3)أسببت زميلك هذا يا عليّ؟..............................

(4)أمَرَّ المدير على الفصول؟..............................

(5)أصببت الماء الذي كان في الكوب؟..............................

(6)أشَمِمْتَ رائحةً كريهةً عندما فتحت باب الحمّام؟..................

9ـ أدخل ( لا الناهية ) على الفعْل الذي أمام كل جملة وأكمل به الجملة: (ھەربىر جۈملىنىڭ ئالدىدىكى پېئىلغا ( لا الناهية)نى كىرگۈزۈپ ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن جۈملىنى تولۇقلاڭ)

(1) ................ لي مَزِيْداً من القهوة. (تَصُبُّ)

(2) ................ أن الامتحان سيكون سَهْلاً. (تَظُنُّ)

(3) ................ أخاك المسلمَ. (تَسُبُّ)

(4) ................ هذه الريالاتِ. (تَعُدُّ)

(5) ................ بين يَدَيِ المُصَلّي. (تَمُرُّ)

(6) ................ السَبّورة من مكانها. (تَجُرُّ)

10ـ إسنادُ (عَدَّ) إلى الضمائر: (« عَدَّ » دېگەن پېئىلنىڭ ئالماشلارغا قوشۇلۇشى)

| | |
|---|---|
| حامد عَدَّ | الأولاد عَدُّوا |
| آمنة عَدَّتْ | البنات عَدَدْنَ |
| أنت عَدَدْتَ | أنتم عَدَدْتُمْ |
| أنتِ عَدَدْتِ | أنتنّ عَدَدْتُنَّ |
| أنا عَدَدْتُ | نحن عَدَدْنَا |

11ـإسناد (يَعُدُّ) إلى الضمائر: («يَعُدُّ » دىگەن پىئىلنىڭ ئالماشلارغا قوشۇلۇشى)

| | |
|---|---|
| حامد يَعُدُّ | الأولاد يَعُدُّونَ |
| آمنة تَعُدُّ | البنات يَعْدُدْنَ |
| أنت تَعُدُّ | أنتم تَعُدُّونَ |
| أنتِ تَعُدِّينَ | أنتنّ تَعْدُدْنَ |
| أنا أعُدُّ | نحن نَعُدُّ |

12 ـإسناد فعل الأمر من (عدّ) إلى الضمائر: («عدّ » دىگەن پىئىلنىڭ بۇيرۇق پىئىلنىڭ ئالماشلارغا قوشۇلۇشى)
عُدَّ يا حامد عُدُّوا يا أولاد عُدِّى يا آمنة أُعْدُدْنَ يا بنات.

13ـ تأمل استعمال الكلمتين (قَطُّ وأَبَداً): {(قَطُّ وأَبَداً) دىگەن بۇ ئىككى سۆزنىڭ ئىشلىتىلىشىنى مۇلاھىزە قىلىڭ}
(1)ما فعلت هذا قطُّ.

(2)لم آكلْ طعاماً لذيذاً مثل هذا قطُّ.

(3)لم أتْرُك الصلاة قطُّ ولن أتركَها أبداً.

(4)لم أسمعْ كلاماً مثل هذا قطُّ.

(5)كيف تقول: إنّك رأيتَني في الهند؟ أنا ما ذهبت إلى الهند قطُّ.

(" قطُّ " خاصٌّ بالماضي. و"أبداً " خاصٌّ بالمستَقْبَل)

14 ـتأمل ما يلي: (تۆۋەندىكىلەرنى مۇلاھىزە قىلىڭ)

لَيِّنٌ (اسم التفضيل: أَلْيَنُ) .هذا الحرير لَيِّنٌ ، وذلك أَلْيَنُ من هذا.

طَيِّبٌ (اسم التفضيل: أَطْيَبُ) .هذا الطعام طَيِّبٌ ، وذلك أَطْيَبُ.

الكلمات الجديدة:
مَرَّةٌ (ج مَرَّاتٌ ) ـبىر قىتىم، بەزىدە الدِّيْبَاجُ: نوعٌ من الحرير ـ دىبىاج (يىپەك رەختنىڭ بىر تۈرى) نُسْخَةٌ (ج نُسَخٌ )ـنۇسخا كَفٌّ (ج أَكُفٌّ ) ـئالقان رائِحَةٌ ـپۇراق هُنَيْهَةٌـبىر ئاز ۋاقىت مَزِيْدٌ ـزىيادە كَرِيهٌـيامان، سەسىق بَالُوعَةٌـ ئەۋرەز يولى، سەسىق سۇ يولى غَافِلٌ ـغاپىل لَيِّنٌ ـيۇمشاق طَيِّبٌـياخشى دَفَعَ (يَدْفَعُ) ـئىتتىردى مَرِضَ (يَمْرَضُ) ـئاغرىپ قالدى حَزِنَ (يَحْزَنُ)ـقايغۇردى

## أقسام الفعل

| الفعل | الماضي | المضارع المرفوع | المضارع المنصوب | المضارع المجزوم | الأمر |
|---|---|---|---|---|---|
| السالم | كَتَبَ | يَكْتُبُ | لَنْ يَكْتُبَ | لَمْ يَكْتُبْ | أُكْتُبْ |
| المهموز | أَكَلَ<br>سَأَلَ<br>قَرَأَ | يَأْكُلُ<br>يَسْأَلُ<br>يَقْرأُ | لَنْ يَأْكُلَ<br>لَنْ يَسْأَلَ<br>لَنْ يَقْرأَ | لَمْ يَأكُلْ<br>لَمْ يَسأَلْ<br>لَمْ يقرأْ | كُلْ<br>اسْأَلْ<br>اقْرَأْ |
| المضَعَّف | عَدَّ<br>شَمَّ<br>جَدَّ | يَعُدُّ<br>يَشَمُّ<br>يَجِدُّ | لَنْ يَعُدَّ<br>لَنْ يَشَمَّ<br>لَنْ يَجِدَّ | لَمْ يَعُدَّ<br>لَمْ يَشَمْ<br>لَمْ يَجِدْ | عُدَّ<br>شَمَّ<br>جِدَّ |
| المعْتلّ الفاء ( المثال ) | وَقَفَ | يَقِفُ | لَنْ يَقِفَ | لَمْ يَقِفْ | قِفْ |
| المُعْتَلّ العين<br>(الأجوف) | قَالَ<br>بَا عَ<br>نَامَ | يَقُولُ<br>يَبِيْعُ<br>يَنَامُ | لَنْ يَقُولَ<br>لَنْ يَبِيْعَ<br>لَنْ يَنَامَ | لَمْ يَقُلْ<br>لَمْ يَبِعْ<br>لَمْ يَنَمْ | قُلْ<br>بِعْ<br>نَمْ |
| المُعْتَلّ<br>اللاّم (الناقص) | مَشَى<br>نَسِي<br>نَهَى<br>دَعَا | يَمْشِي<br>يَنْسَى<br>يَنْهَى<br>يَدْعُو | لَنْ يَمْشِيَ<br>لَنْ يَنْسَى<br>لَنْ يَنْهَى<br>لَنْ يَدْعُوَ | لَمْ يَمْشِ<br>لَمْ يَنْسَ<br>لَمْ يَنْهَ<br>لَمْ يَدْعُ | اِمْشِ<br>اِنْسَ<br>اِنْهَ<br>أُدْعُ |
| اللَّفِيفُ المقرون<br>اللفيف المفروق | كَوَى<br>وَقَى | يَكْوِي<br>يَقِي | لَنْ يَكْوِيَ<br>لَنْ يَقِيَ | لَمْ يَكْوِ<br>لَمْ يَقِ | اِكْوِ<br>قِ |

### بىز ئىلگىرىكى دەرسلەردە ئۆگىنىپ ئۆتكەن پېئىللارنىڭ تۈرلىنىشى ھەققىدە ئومۇمىي خۇلاسە

### 1- مەزمۇن: ساغلام پېئىللارنىڭ تۈرلىنىش ئەھۋالى

1) ئۆتكەن زامان شەكلى: كَتَبَ كَتَبَا كَتَبُوْا كَتَبَتْ كَتَبَتَا كَتَبْنَ كَتَبْتَ كَتَبْتُمَا كَتَبْتُمْ كَتَبْتِ كَتَبْتُمَا كَتَبْتُنَّ كَتَبْتُ كَتَبْنَا

2) كەلگۈسى زامان شەكلى: يَكْتُبُ يَكْتُبَانِ يَكْتُبُوْنَ تَكْتُبُ تَكْتُبَانِ يَكْتُبْنَ تَكْتُبُ تَكْتُبَانِ تَكْتُبُوْنَ تَكْتُبِيْنَ تَكْتُبَانِ تَكْتُبْنَ أَكْتُبُ نَكْتُبُ

3) كەلگۈسى زامان ئاخىرى زەبەرلىك ئوقۇلىدىغان شەكلى: لَنْ يَكْتُبَ لَنْ يَكْتُبَا لَنْ يَكْتُبُوْا لَنْ تَكْتُبَ لَنْ تَكْتُبَا لَنْ يَكْتُبْنَ لَنْ تَكْتُبَ لَنْ تَكْتُبَا لَنْ تَكْتُبُوْا لَنْ تَكْتُبِيْ لَنْ تَكْتُبَا لَنْ تَكْتُبْنَ لَنْ أَكْتُبَ لَنْ نَكْتُبَ

4) كەلگۈسى زامان ئاخىرى سۈكۇنلۇق ئوقۇلىدىغان شەكلى: لَمْ يَكْتُبْ لَمْ يَكْتُبَا لَمْ يَكْتُبُوْا لَمْ تَكْتُبْ لَمْ تَكْتُبَا لَمْ يَكْتُبْنَ لَمْ تَكْتُبْ لَمْ تَكْتُبَا لَمْ تَكْتُبُوْا لَمْ تَكْتُبِيْ لَمْ تَكْتُبَا لَمْ تَكْتُبْنَ لَمْ أَكْتُبْ لَمْ نَكْتُبْ

5) بۇيرۇق شەكلى: أُكْتُبْ أُكْتُبَا أُكْتُبُوْا أُكْتُبِيْ أُكْتُبَا أُكْتُبْنَ

## 2- مەزمۇن: مۇزائەف پېئىللارنىڭ تۈرلىنىش ئەھۋالى

1) ئۆتكەن زامان شەكلى: عَدَّ عَدَّا عَدُّوْا عَدَّتْ عَدَّتَا عَدَدْنَ عَدَدْتَ عَدَدْتُمَا عَدَدْتُمْ عَدَدْتِ عَدَدْتُمَ عَدَدْتُنَّ عَدَدْتُ عَدَدْنَا

2) كەلگۈسى زامان شەكلى: يَعُدُّ يَعُدَّانِ يَعُدُّوْنَ تَعُدُّ تَعُدَّانِ يَعْدُدْنَ تَعُدُّ تَعُدَّانِ تَعُدُّوْنَ تَعُدِّيْنَ تَعُدَّانِ تَعْدُدْنَ أَعُدُّ نَعُدُّ

3) كەلگۈسى زامان ئاخىرى زەبەرلىك ئوقۇلىدىغان شەكلى: لَنْ يَعُدَّ لَنْ يَعُدَّا لَنْ يَعُدُّوْا لَنْ تَعُدَّ لَنْ تَعُدَّا لَنْ يَعْدُدْنَ لَنْ تَعُدَّ لَنْ تَعُدَّا لَنْ تَعُدُّوْا لَنْ تَعُدِّيْ لَنْ تَعُدَّا لَنْ تَعْدُدْنَ لَنْ أَعُدَّ لَنْ نَعُدَّ

4) كەلگۈسى زامان ئاخىرى سۈكۈنلۇق ئوقۇلىدىغان شەكلى: لَمْ يَعُدَّ لَمْ يَعُدَّا لَمْ يَعُدُّوْا لَمْ تَعُدَّ لَمْ تَعُدَّا لَمْ يَعْدُدْنَ لَمْ تَعُدَّ لَمْ تَعُدَّا لَمْ تَعُدُّوْا لَمْ تَعُدِّيْ لَمْ تَعُدَّا لَمْ تَعْدُدْنَ لَمْ أَعُدَّ لَمْ نَعُدَّ

5) بۇيرۇق شەكلى: عُدَّ عُدَّا عُدُّوْا عُدِّيْ عُدَّا أُعْدُدْنَ

## 3- مەزمۇن: مىسال (مِثَال) پېئىللارنىڭ تۈرلىنىش ئەھۋالى

1) ئۆتكەن زامان شەكلى: وَقَفَ وَقَفَا وَقَفُوْا وَقَفَتْ وَقَفَتَا وَقَفْنَ وَقَفْتَ وَقَفْتُمَا وَقَفْتُمْ وَقَفْتِ وَقَفْتُمَا وَقَفْتُنَّ وَقَفْتُ وَقَفْنَا

2) كەلگۈسى زامان شەكلى: يَقِفُ يَقِفَانِ يَقِفُوْنَ تَقِفُ تَقِفَانِ يَقِفْنَ تَقِفُ تَقِفَانِ تَقِفُوْنَ تَقِفِيْنَ تَقِفَانِ تَقِفْنَ أَقِفُ نَقِفُ

3) كەلگۈسى زامان ئاخىرى زەبەرلىك ئوقۇلىدىغان شەكلى: لَنْ يَقِفَ لَنْ يَقِفَا لَنْ يَقِفُوْا لَنْ تَقِفَ لَنْ تَقِفَا لَنْ يَقِفْنَ لَنْ تَقِفَ لَنْ تَقِفَا لَنْ تَقِفُوْا لَنْ تَقِفِيْ لَنْ تَقِفَا لَنْ تَقِفْنَ لَنْ أَقِفَ لَنْ نَقِفَ

4) كەلگۈسى زامان ئاخىرى سۈكۈنلۇق ئوقۇلىدىغان شەكلى: لَمْ يَقِفْ لَمْ يَقِفَا لَمْ يَقِفُوْا لَمْ تَقِفْ لَمْ تَقِفَا لَمْ يَقِفْنَ لَمْ تَقِفْ لَمْ تَقِفَا لَمْ تَقِفُوْا لَمْ تَقِفِيْ لَمْ تَقِفَا لَمْ تَقِفْنَ لَمْ أَقِفْ لَمْ نَقِفْ

5) بۇيرۇق شەكلى: قِفْ قِفَا قِفُوْا قِفِيْ قِفَا قِفْنَ

## 4- مەزمۇن: ئەجۋەف (أَجْوَفْ) پېئىللارنىڭ تۈرلىنىش ئەھۋالى

1) قَالَ قَالَا قَالُوْا قَالَتْ قَالَتَا قُلْنَ قُلْتَ قُلْتُمَا قُلْتُمْ قُلْتِ قُلْتُمَا قُلْتُنَّ قُلْتُ قُلْنَا

2) يَقُوْلُ يَقُوْلَانِ يُقُوْلُوْنَ تَقُوْلُ تَقُوْلَانِ يَقُلْنَ تَقُوْلُ تَقُوْلَانِ تُقُوْلُوْنَ تَقُوْلِيْنَ تَقُوْلَانِ تَقُلْنَ أَقُوْلُ نَقُوْلُ

3) كەلگۈسى زامان ئاخىرى زەبەرلىك ئوقۇلىدىغان شەكلى: لَنْ يَقُوْلَ لَنْ يَقُوْلَا لَنْ يَقُوْلُوْا لَنْ تَقُوْلَ لَنْ تَقُوْلَا لَنْ يَقُلْنَ لَنْ تَقُوْلَ لَنْ تَقُوْلَا لَنْ تَقُوْلُوْا لَنْ تَقُوْلِيْ لَنْ تَقُوْلَا لَنْ تَقُلْنَ لَنْ أَقُوْلَ لَنْ نَقُوْلَ

4) كەلگۈسى زامان ئاخىرى سۈكۈنلۇق ئوقۇلىدىغان شەكلى: لَمْ يَقُلْ لَمْ يَقُوْلَا لَمْ يَقُوْلُوْا لَمْ تَقُلْ لَمْ تَقُوْلَا لَمْ يَقُلْنَ لَمْ تَقُلْ لَمْ تَقُوْلَا لَمْ تَقُوْلُوْا لَمْ تَقُوْلِيْ لَمْ تَقُوْلَا لَمْ تَقُلْنَ لَمْ أَقُلْ لَمْ نَقُلْ

5) بۇيرۇق شەكلى: قُلْ قُلَا قُلُوْا قُلِيْ قُلَا قُلْنَ

## 5- مەزمۇن: ناقىس (نَاقِص) پېئىللارنىڭ تۈرلىنىش ئەھۋالى

1) ئۆتكەن زامان شەكلى: دَعَا دَعَيَا دَعَوْا دَعَتْ دَعَتَا دَعَيْنَ دَعَيْتَ دَعَيْتُمَا دَعَيْتُمْ دَعَيْتِ دَعَيْتُمَا دَعَيْتُنَّ دَعَيْتُ دَعَيْنَا

2) كەلگۈسى زامان شەكلى: يَدْعُوْ يَدْعُوَانِ يَدْعُوْنَ تَدْعُوْ تَدْعُوَانِ يَدْعُوْنَ تَدْعُوْ تَدْعُوَانِ تَدْعُوْنَ تَدْعِيْنَ تَدْعُوَانِ تَدْعُوْنَ أَدْعُوْ نَدْعُوْ

3) كەلگۈسى زامان ئاخىرى زەبەرلىك ئوقۇلىدىغان شەكلى: لَنْ يَدْعُوَ لَنْ يَدْعُوَا لَنْ يَدْعُوْا لَنْ تَدْعُوَ لَنْ تَدْعُوَا لَنْ يَدْعُوْنَ لَنْ تَدْعُوَ لَنْ تَدْعُوَا لَنْ تَدْعُوْا لَنْ تَدْعِيْ لَنْ تَدْعُوَا لَنْ تَدْعُوْنَ لَنْ أَدْعُوَ لَنْ نَدْعُوَ

4) كەلگۈسى زامان ئاخىرى سۇكۇنلۇق ئوقۇلىدىغان شەكلى: لَمْ يَدْعُ لَمْ يَدْعُوَا لَمْ يَدْعُوْا لَمْ تَدْعُ لَمْ تَدْعُوَا لَمْ يَدْعُوْنَ لَمْ تَدْعُ لَمْ تَدْعُوَا لَمْ تَدْعُوْا لَمْ تَدْعِيْ لَمْ تَدْعُوَا لَمْ تَدْعُوْنَ لَمْ أَدْعُ لَمْ نَدْعُ

5) بۇيرۇق شەكلى: أُدْعُ أُدْعُوَا أُدْعُوْا أُدْعِيْ أُدْعُوَا أُدْعُوْنَ

**ناقىس پېئىللارنىڭ ئىككىنچى مىسالى:**

1) ئۆتكەن زامان شەكلى: وَقَى وَقَيَا وَقَوْا وَقَتْ وَقَتَا وَقَيْنَ وَقَيْتَ وَقَيْتُمَا وَقَيْتُمْ وَقَيْتِ وَقَيْتُمَا وَقَيْتُنَّ وَقَيْتُ وَقَيْنَا

2) كەلگۈسى زامان شەكلى: يَقِيْ يَقِيَانِ يَقُوْنَ تَقِيْ تَقِيَانِ يَقِيْنَ تَقِيْ تَقِيَانِ تَقُوْنَ تَقِيْنَ تَقِيَانِ تَقِيْنَ أَقِيْ نَقِيْ

3) كەلگۈسى زامان ئاخىرى زەبەرلىك ئوقۇلىدىغان شەكلى: لَنْ يَقِيَ لَنْ يَقِيَا لَنْ يَقُوْا لَنْ تَقِيَ لَنْ تَقِيَا لَنْ يَقِيْنَ لَنْ تَقِيَ لَنْ تَقِيَا لَنْ تَقُوْا لَنْ تَقِيْ لَنْ تَقِيَا لَنْ تَقِيْنَ لَنْ أَقِيَ لَنْ نَقِيَ

4) كەلگۈسى زامان ئاخىرى سۇكۇنلۇق ئوقۇلىدىغان شەكلى: لَمْ يَقِ لَمْ يَقِيَا لَمْ يَقُوْا لَمْ تَقِ لَمْ تَقِيَا لَمْ يَقِيْنَ لَمْ تَقِ لَمْ تَقِيَا لَمْ تَقُوْا لَمْ تَقِيْ لَمْ تَقِيَا لَمْ تَقِيْنَ لَمْ أَقِ لَمْ نَقِ

5) بۇيرۇق شەكلى: قِ قِيَا قُوْا قِيْ قِيَا قِيْنَ

شۇ تۈردىكى باشقا پېئىللارنىڭ تۈرلىنىش شەكلىمۇ يۇقىرىدا ئۆتكەن ئۈلگىلىك مىساللارنىڭ تۈرلىنىش شەكلىگە ئوخشايدۇ. شۇڭا، مۇشۇ ئۈلگىلىك مىساللارغا سېلىشتۇرۇپ تۈرلەنسە بولىدۇ.

## (30)الدَرْسُ الثلاثون

**(يقف بالباب فتيان )**

(ئشىك ئالدىدا ئىككى ياش توختايدۇ ).

**المدرس : أدخلا . من أنتما ؟**

ئوقۇتقۇچى : ئىككىڭلار كىرىڭلار . سىلەر ئىككىڭلا كىم ؟

**أحدهما :نحن طالبان جديدان .**

ئۇ ئىككەيلەننىڭ بىرى : بىز ئىككىمىز يىڭى ئوقۇغۇچى .

**المدرس : مرحبا بكما . من أين أنتما ؟**

ئوقۇتقۇچى : خوش كەپسلەر . ئىككىڭلار قەيەردىن ؟

**هو : نحن من الصين .**

ئۇ : بىز جۇڭگۇدىن .

**المدرس : متى وصلتما إلى المدينة المنورة ؟**

ئوقۇتقۇچى : سىلەر مەدىنە مۇنەۋۋەرگە قاچان يىتىپ كەلدىڭلار .

**هو : وصلنا أمس .**

ئۇ : بىز تۈنۈ گۈن يىتىپ كەلدۇق .

**المدرس : أتوءمان أنتما ؟**

ئوقۇتقۇچى : سىلەر ئىككىڭلار قوش كىزەكمۇ ؟

**هو : نعم ، وكيف عرفت ذلك يا أستاذ ؟**

ئۇ : شۇنداق ، ئى ئۇستاز! ئاشۇنى قانداق بىلدىڭىز ؟

**المدرس : عرفت من الشبه الذي بينكما . ما أسماؤكما ؟**

ئوقۇتقۇچى : مەن سىلەرنىڭ ئوتتۇرۇڭلاردىكى ئوخشاشلىقتىن بىلدىم.

**هو : إسمي الحسن ،وأخي إسمه الحسين .**

ئۇ : مىنىڭ ئىسمىم ھەسەن، مىنىڭ قېرىندىشىمنىڭ ئىسمى ھۇسەين .

**المدرس : ألكما إخوة و أخوات ؟**

ئوقۇتقۇچى : ئىككىڭلارنىڭ قىز ۋە ئوغۇل قېرىنداشلىرىڭلار بارمۇ ؟

**الحسن : نعم ، لنا أخوان وأختان ، أما الأخوان فيعملان في مكتب خطوط جوية . وقد درسا في معهد اللغة هذا قبل سنوات . وأما الأختان فتدرسان في المدرسة الثانوية . كانت لنا أختان أخريان ماتتا في الصغر .**

ھەسەن : شۇنداق ، بىزنىڭ ئىككى قىز ۋە ئىككى ئوغۇل قېرىندىشىمىز بار . ئەمما ئىككى ئوغۇل قېرىندىشىمىز ئاۋئاتسىيە ئىدارىسىدە ئىشلەيدۇ . ئۇ ئىككەيلەن بىر نەچچە يىل ئىلگىرى مۇشۇ تىل ئىنستىتوتىدا ئوقۇغان . ئەمما ئىككى قىز قېرىندىشىمىز تولۇق ئوتتۇردا ئوقۇۋاتىدۇ . يەنە ئۇنىڭدىن باشقا ئىككى قىز قېرىندىشىمىز بارئىدى، كىچىك چېغىدا ئۆلۈپ كەتكەن .

**المدرس :في أي كلية تريدان أن تدرسا بعد دراسة اللغة العربية ؟**

ئوقۇتقۇچى : ئەرەب تىلى ئوقۇپ بولغاندىن كىيىن قايسى فاكولتىتدا ئوقۇشنى ئويلىشىۋاتىسىلەر ؟

**الحسين : أريد أن أدرس بكلية الشريعة . أما الحسن فيريد أن يدرس بكلية القرآن الكريم .**

ھۇسەين : مەن قانۇن فاكولتىتىدا ئوقۇشنى ئويلىشىۋاتىمەن . ئەمما ھۇسەين قۇرئان فاكۇلتىتدا ئوقۇشنى ئويلىشىۋاتىدۇ .

**المدرس : وفقكما الله .**

ئوقۇتقۇچى : ئاللاھ سىلەرگە مۇۋەپپەقىيەت ئاتا قىلسۇن .

**الحسن : نريد أن نذهب إلى المراقب .**

ھەسەن : بىز نازارەتچى قېشىغا بېرىشنى ئويلاۋاتىمىز .

**المدرس : لا تذهبا إليه الآن فإنه مشغول .**

ئوقۇتقۇچى :سىلەر ئۇنىڭ قىشىغا ھازىر بارماڭلار چۈنكى ئۇ ئالدىراش .

**يمكنكما أن تذهبا إليه بعد انتهاء الحصة . اذهبا الآن إلى المكتبة و خذا الكتب المقررة .**

بىرىنچى سائەتلىك دەرس تۈگىگەندىن كېيىن بارساڭلار بولىدۇ .ھازىر كۇتۇپخانىغا بېرىپ بەلگىلەنگەن كىتابلارنى

ئېلىڭلار .

## بۇ دەرستىكى گىراممانكىلىق قائىدىلەر:

### ئىككىلىك ساندىكى پېئىللار توغرىسىدا

بىرلىك ساندىكى پېئىلنى ئىككىلىك ساندىكى پېئىلغا ئايلاندۇرماقچى بولساق، ئۆتكەن زامان پېئىلنىڭ ئاخىرىغا «ا» (ئەلف)نى قوشىمىز. مەسىلەن:

خَرَجَ ← خَرَجَا   ذَهَبَ ← ذَهَبَا   دَخَلَ ← دَخَلَا

دېگەنگە ئوخشاش.

كەلگۈسى زامان پېئىلنىڭ ئاخىرىغا «ان» (ئەلف نۇن)نى قوشىمىز. مەسىلەن:

يَذْهَبُ ← يَذْهَبَانِ   يَخْرُجُ ← يَخْرُجَانِ   يَدْخُلُ ← يَدْخُلانِ

دېگەنگە ئوخشاش.

پېئىلنىڭ ئاخىرىغا «ن» قوشۇلغان بەش پېئىل ئاخىرىدىكى «ن»نىڭ تۇرۇشى بىلەن باش كېلىشتە كېلىدۇ. مەسىلەن:

يَذْهَبَانِ   تَذْهَبَانِ   تَذْهَبُوْنَ   يَذْهَبُوْنَ   تَذْهَبِيْنَ

دېگەنگە ئوخشاش.

«ن»نىڭ چۈشۈپ كېتىشى بىلەن چۈشۈم كېلىش (زەبەرلىك) ۋە جەزملىك (سۈكۈنلۇق) ھالىتىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

لَنْ يَذْهَبَا   لَنْ يَذْهَبُوْا   لَنْ تَذْهَبَا   لَنْ تَذْهَبُوْا   لَنْ تَذْهَبِيْ

لَمْ يَذْهَبَا   لَمْ يَذْهَبُوْا   لَمْ تَذْهَبَا   لَمْ تَذْهَبُوْا   لَمْ تَذْهَبِيْ

## تمارين

**1ـ أ جِبْ عن الأسئلة الآتية: (تۆۋەندىكى سۇئاللارغا جاۋاب بېرىڭ)**

**(1)من الفَتَيان؟ (2) ما أسماؤهما؟**

**(3)من أين هما؟ (4) كم أخا وأختا لهما؟**

**(5)في أي كلّية يريدان أن يدرسا؟**

**2ـ ضع في الفراغ في كلّ جملة مما يأتي الفعل (ذَهَبَ) الماضي بعد إسناده إلى الضمير المناسب:( (ذَهَبَ) دېگەن ئۆتكەن زامان پېئىلنى**

مۇناسىپ ئالماشقا قوشقاندىن كېيىن تۆۋەندە كەلگەن ھەربىر جۈملىدىكى بوش ئورۇنلاردا قويۇڭ)

(1)أين خالد وحامد؟ ............. إلى المكتبة.

(2)أين آمنة وأختها؟ ............. إلى المستشفى لعيادة أمِّهما.

(3)أين ............. أمس يا أخَوَان؟

(4)أإلى الطبيبة ............. يا بِنْتان؟

3ـضع في الفراغ في كلّ جملة مما يأتي الفعل (يَذْهَبُ) المضارع بعد إسناده إلى الضمير المناسب: ((يَذْهَبُ) دىگەن كىلىدىغان زامان پېئىلنى مۇناسىپ ئالماشقا قوشقاندىن كېيىن تۆۋەندە كەلگەن ھەربىر جۈملىدىكى بوش ئورۇنلاردا قويۇڭ)

(1)أحمد وإبراهيم ............. إلى المكتبة كلَّ يوم.

(2)أين ............. يا وَلَدَان؟

(3)الطالبتان الجديدتان ............. إلى المُصلَّى.

(4)متى ............. إلى الصَّيْدَلَية يا أُخْتان؟

4ـضع في الفراغ في كلّ جملة مما يأتي فعل الأمر (اذْهَبْ) بعد إسناده إلى الضمير المناسب: ((اذْهَبْ)دىگەن بۇيرۇق پېئىلنى مۇناسىپ ئالماشقا قوشقاندىن كېيىن تۆۋەندە كەلگەن ھەربىر جۈملىدىكى بوش ئورۇنلاردا قويۇڭ)

(1)يا أخَوَان، ............. إلى المسجد الآن.

(2)يابنتان، .............إلى مكتب المديرة.

5ـأمام كلّ جملة مما يأتي فعل مضارع مرفوع. أكمل به الجملة بعد تغيير ما يلزم: (تۆۋەندە كەلگەن ھەربىر جۈملىنىڭ ئالدىدا باش كېلىشتە كەلگەن كىلىدىغان زامان پېئىلى بار . لازىم بولغان نەرسىنى ئۆزگەرتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن جۈملىنى تولۇقلاڭ)

ماذا يريد الطالبان الجديدان؟

(1)يريدانِ أنْ ............. إلى المهجع. (يذهبان)

(2)يريدان أن ............. كرة السلة. (يلعبان).

(3)يريدان أن ............. القهوة. (يشربان).

(4)يريدان أن ............. الأخبار. (يسمعان).

(5)يريدان أن ............. أمام المدرس. (يجلسان).

6ـأكمل كلّ جملة مما يأتي بضمير مناسب:(تۆۋەندە كەلگەن ھەربىر جۈملىنى مۇناسىپ ئالماش بىلەن تولۇقلاڭ)

(1)أرأيت الطالبين الجديدين؟ نعم، رأيت.........

(2)أقرأتَ هاتين المجلّتين؟ نعم، قرأت.........

(3)قال المدرس لحامد وصديقه :رأيت .......... في المسجد البارحة.

(4)قالت المديرة لزينب ومريم :أريد أن أسأل...... عن بلد..........

7ـأجب عن الأسئلة الآتية: (تۆۋەندىكى سۇئاللارغا جاۋاب بېرىڭ)

(1)متى خرج أحمد وأخوه من الفصل؟ خَرَجَا..........

(2)متى ذهبتما إلى مكة؟.....................................

(3)ماذا شربت زينب وسعاد؟...............................

(4)أين يدرس حامد وخالد؟..................................

(5)ماذا تغسل آمنة وأمها؟...................................

8ـتأمّل ما يأتي(تۆۋەندىكىلەرنى مۇلاھىزە قىلىڭ)

| المضارع المرفوع | المضارع المنصوب | المضارع المجزوم |
|---|---|---|
| يَذْهَبَان | لن يَذْهَبَا | لم يَذْهَبَا |
| يَذْهَبُونَ | لن يَذْهَبُوا | لم يَذْهَبُوا |
| تَذْهَبَان | لن تَذْهَبَا | لم تَذْهَبَا |
| تَذْهَبُونَ | لن تَذْهَبُوا | لم تَذْهَبُوا |
| تَذْهَبِينَ | لن تَذْهَبِي | لم تَذْهَبِي |

هذه هي (الأفعالُ الخَمْسَةُ).

**إعرابُ الأفعال الخمسة:**

**تُرْفَعُ بثُبُوت النُون.**

**وتُنْصَبُ وتُجْزَمُ بحَذْف النُون.**

## (31)الدرسُ الحادِي والثلاثون

**المدرس : أين الطالبان الجديدان ؟**

ئوقۇتقۇچى : يىڭى ئىككى ئوقۇغۇچى قەيەردە ؟

**علي: هما في المكتبة . ذهبا ليأخذا الكتب المقررة.**

ئەلى : ئۇ ئىككەيلەن كۇتۇپخاندا . بەلگىلەنگەن كىتاپلارنى ئېلىش ئۈچۈن كەتتى .

**المدرس : متى ذهبا ؟**

ئوقۇتقۇچى : قاچان كەتتى ؟

**علي :ذهبا في الحصة الثانية .....يا أستاذ، أريد أن أشتري معجما عربيا . أريد أن تدلني على معجم جيد .**

ئەلى : ئۇ ئىككەيلەن ئىككىنچى سائەتلىك دەرسىتە كەتتى ....ئى ئۇستاز! مەن ئەرەبچە لوغەت سېتىۋالماقچى ئىدىم .ماڭا ياخشى لوغەت كۆرسىتىپ بىرىشىڭىزنى ئۈمۈت قىلىمەن .

**المدرس : اشتر المعجم الوسيط فإنه معجم جيد .**

ئوقۇتقۇچى :(معجم الوسيط )نى سېتىۋالغىن. چۈنكى ئۇ ياخشى لوغەت .

**أحمد : اليوم ينتهي الجزء الثاني . متى نبدأ الجزء الثالث .**

ئەھمەد :بۈگۈن ئىككىنچى قىسىم ئاخىرلىشىدۇ. ئۈچۈنچى قىسىمنى قاچان باشلايمىز ؟

**المدرس : في الأسبوع القادم إن شاء الله . نقرأ اليوم الصفحتين الأخيرتين من الجزء الثاني .**

ئوقۇتقۇچى : ئاللاھ خالىسا كېلەر ھەپتە ئوقۇيمىز . بىز بۈگۈن ئىككىنچى قىسىمدىن ئاخىرقى ئىككى بەتنى ئوقۇيمىز .

**بۇ دەرستىكى گىراماتىكىلىق قائىدىلەر:**

## سۈپەتلىك سۆز بىرىكمىسى توغرىسىدا

سۈپەتلىك سۆز بىرىكمىسى ـــ بىر ئىسىمنىڭ ئارقىسىدىن يەنە بىر ئىسىم كېلىپ ئۇنى سۈپەتلىگەن سۆز بىرىكمىسىدىن ئىبارەت. مەسىلەن:

أَنَا طَالِبٌ جَدِيْدٌ (مەن يېڭى ئوقۇغۇچى)

هِيَ الطَّالِبَةُ الْجَدِيْدَةُ (ئۇ يېڭى قىز ئوقۇغۇچى)

دېگەنگە ئوخشاش.

سۈپەتلىك سۆز بىرىكمىسى سۈپەتلەنگۈچى بىلەن سۈپەتلىگۈچىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلار مۇنداق تۆت جەھەتتىن بىر-بىرىگە ماسلىشىپ كېلىدۇ:

1) ئىئراب (يەنى ئاخىرىنىڭ ھەرىكىتى) جەھەتتە ماسلىشىدۇ. مەسىلەن:

هٰذَا كِتَابٌ جَدِيْدٌ (بۇ يېڭى كىتاب)

قَرَأْتُ كِتَابًا جَدِيْدًا (مەن يېڭى كىتابنى ئوقۇدۇم)

هٰذَا اسْمُ كِتَابٍ جَدِيْدٍ (بۇ يېڭى كىتابنىڭ ئىسمىدۇر)

2) جىنس (يەنى ئەرلىك ۋە ئاياللىق) جەھەتتە ماسلىشىدۇ. مەسىلەن:

أَحْمَدُ لَهُ ابْنٌ كَبِيْرٌ وَبِنْتٌ صَغِيْرَةٌ

(ئەھمەدنىڭ بىر چوڭ ئوغلى ۋە بىر كىچىك قىزى بار)

3) سان (يەنى بىرلىك، ئىككىلىك ۋە كۆپلۈك) جەھەتتە ماسلىشىدۇ. مەسىلەن:

لَنَا مُدِيْرٌ صَالِحٌ (بىزنىڭ بىر ياخشى مۇدىرىمىز بار)

4) ئېنىق ۋە ئېنىقسىز بولۇش جەھەتتە ماسلىشىدۇ. مەسىلەن:

هِيَ الطَّالِبَةُ الْجَدِيْدَةُ (ئۇ يېڭى قىز ئوقۇغۇچى)

اَلْعَرَبِيَّةُ لُغَةٌ سَهْلَةٌ (ئەرەب تىلى ئاسان تىلدۇر)

دېگەنلەرگە ئوخشاش.

## تمارين

**1ـ أ جِبْ عن الأسئلة الآتية: (تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭ)**

**(1)** أين ذهب الطالبان الجديدان؟ ولم؟

**(2)** ماذا يريد عليَ أن يشتري؟

**(3)** متى يبدأ الطلاب الجزء الثالث؟

**تَأمل ما يلي:**

**(عندي مُعْجَم جَيِّدٌ ). هنا (جَيِّدٌ ) نَعْتٌ.**

النعت يَتْبَعُ المَنْعُوتَ في الأمور الآتية:

(1) في الإعْراب، نحو: 1ـ هذا كتابٌ جديدٌ 2ـ قرأت كتاباً جديداً. 3ـ هذا اسْمُ كتابٍ جديدٍ

(2)التَذْكير والتَأْنيث، نحو :أحمدُ لهُ ابْنٌ كبيرٌ ، وبنتٌ صغيرةٌ.

(3)الإفْراد والتَثْنيَة والجَمْع، نحو: لنا مديرٌ صالحٌ ، ومدرسانِ جيّدانِ، وزُملاءُ مُجْتَهدونَ.

(4)التعْريف والتَنْكير، نحو: 1 ـعندي سيارةٌ جديدةٌ.

2 ـ السيارةُ الجديدةُ غاليةٌ.

3ـ أين محمدٌ اليابانيُ؟

4ـ هات دفترَك الأولَ.

2ـعين النعت والمنعوت في كلّ مثال مما يأتي:(تۆۋەندە كەلگەن ھەربىر مىسالدا سۈپەتلەنگۈچى بىلەن سۈپەتنى ئايرىڭ)

(1)أريد أن أشرب ماءً بارداً.

(2)أقرأُ القرآن الكريم كلّ صباح.

(3)أسكن في بيت جميل.

(4)لا تكتبا بالقَلَم الأحمر.

(5)في حيّنا مسجدٌ كبيرٌ . له منارتان جميلتان.

(6)أين المدرسون الجددُ؟

(7)حفظت سورتَينْ طويلتين.

(8)هم رجالٌ صالحون.

(9)أين أخوك الصغيرُ؟

(10)ماذا قال لك أحمدُ الباكستانيُ؟

3ـأكمل كلّ جملة مما يأتي بنعت مناسب، واضبطه بالشكل:( تۆۋەندە كەلگەن ھەربىر جۈملىنى مۇناسىپ سۈپەتنى قويۇش بىلەن تولۇقلاڭ ھەمدە ئۇنىڭ شەكلىگە تاۋۇش بەلگىسىنى قويۇڭ)

(1)أكلت طعاما ............وشربت قهوة............

(2)أين الطلاب ............؟

(3)لي أخوان ............ وأخْتان............

(4)اشتريت قلمين............

(5)عندي ساعةٌ............

(6)في الفصل مكاتبُ............

(7)تلك السيارةُ ............ للمدرس. ............

(8)أسكن في المهجع............

(9)أين سيارتُك............ ؟

(10)إبراهيمُ ............ طالبٌ.............

**تَمَّتْ بِعَوْنِ اللهِ تَعَالَى**

**رَبَّنَا تَقَبَّلْ مِنَّا إِنَّكَ أَنْتَ السَّمِيْعُ الْعَلِيْمُ**

**وصلى الله على سيدنا ونبينا محمد، وعلى آله وصحبه وسلم.**

**وآخر دعوانا أن الحمد لله رب العالمين..**